国家出版基金项目

دۆلەتلىك نەشر فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (14)

# قەشقەردىكى دىنلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: رىزۋانگۇل ئابلىمىت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: تاھىر تالىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (14)

# قەشقەردىكى دىنلار

تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى ئاربوغوز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 6.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000

---

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2760 — 2
باھاسى: 21.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

# «قەشقەر» مەجمۇئەسنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مـــــۇدىـــــرلار: لىۋ چاڭمىڭ
مجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھـــەيـئـــەتــلـــەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

## 《喀什噶尔》系列丛书编委会


总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明

米吉提·卡德尔

副主任：张新泰

古力先·吐拉洪

依明·艾合买提

赵新尉

木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼

阿迪力·穆罕默德

聂光玉

克力木江·阿布都热依木

阿布拉江·色依提

艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15- ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «مېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىندىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى

ئۇزۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سىپپىرلىرى توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ

قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# تۈزگۈچىدىن

قەشقەر ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىنلا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم يول ۋە تۈگۈن بولۇپ كەلگەن، بۇ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك جايلىشىش قەشقەرنى ھەر خىل دىنلار تارقىلىدىغان ۋە قوشۇلىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا قەشقەردىكى قەدىمكى ئىنسانلار ئارىسىدا ئىپتىدائىي دىن شەكىللەنگەن ھەمدە ئۇلار بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە شەرق ۋە غەربتە كەڭ تارقالغان بەزى دۇنياۋى دىنلار ئارقا - ئارقىدىن يىپەك يولىنى بويلاپ قەشقەرگە تارقالغان؛ چەتتىن كىرگەن بۇ دىنلار قەشقەرنىڭ ئۆزىدىكى ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن بىرلىكتە تەدرىجىي ھالدا كۆپ خىل دىنلار ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دىن سىياستىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىمۇ ئۈزۈكسىز ئۆزگىرىشلەر بولدى، بەزى دىنلار يوقالدى، بەزى دىنلار قايتا تارقىلىپ كىردى، بەزى دىنلار سۇسلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە بىر دىن ئىگىلەپ روناق تاپتى. ئەمما، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئورنىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭدا كۆپ خىل دىنلار تەڭ ساقلىنىپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت ئىزچىل تۈردە ساقلىنىپ كەلدى.

قەشقەردە دىنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسەن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: بىرىنچى باسقۇچ — بۇددا دىنى ئاساسىي دىن بولغان، كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت. بۇ ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن دىنلار ئىچىدە بۇددا دىنىدىن باشقا، يەنە ئىپتىدائىي دىنلار (جۈملىدىن شامان دىنى)، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى،

نېستورى دىنى قاتارلىق دىنلار بار، بۇ خىل ۋەزىيەت تەخمىنەن 1000 يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان. ئىككىنچى باسقۇچ — بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى تەڭلا ئاساسلىق دىن بولغان، كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت. 10-ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن بۇددا دىنى بىلەن كەسكىن ئېلىشتى. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولدى، بۇددا دىنى بولسا شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىن بولدى. بۇ مەزگىلدىكى دىنىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن دىن ئاساسەن بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى ھەمدە نېستورى دىنى قاتارلىق دىنلار ئىدى، بۇ ۋەزىيەت تەخمىنەن ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. ئۈچىنچى باسقۇچ — ئىسلام دىنى ئاساسلىق دىن بولغان، كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت. بۇ مەزگىلدىكى دىنىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق دىنلاردىن ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە بۇددا دىنى (زاڭزۇلارنىڭ بۇددا دىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خرىستىيان دىنى قاتارلىق دىنلار بار، بۇ ۋەزىيەت 16-ئەسىردە شەكىللىنىپ، تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ھازىر قەشقەردە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما پۈتكۈل قەشقەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى بۇددا دىنى (زاڭزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى) غا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ دىن بۇ مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، بەزى دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەتلەر بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سىڭىپ، شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىك ساپاسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ھال دىن مەسىلىسى بىلەن مىللەت مەسىلىسىنىڭ زىچ گىرەلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇغراپىيەلىك مۇناسىۋەت، خەلقئارا سىياسەت، چېگرا ھالقىغان مىللەت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىردە

شىنجاڭنىڭ دىن مەسىلىسى ئالاھىدە مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. شۇڭا، قەشقەردە دىن مەسىلىسىنى توغرا ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش - قىلالماسلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغۋار مۇساپىسىدە، جۇڭگو كومپارتىيەسى دىن خىزمىتىنى پارتىيەنىڭ ئالاھىدە ئاممىۋى خىزمىتى قىلىپ، ماركسىزملىق دىن قارىشىنى جۇڭگونىڭ دىن مەسىلىسى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو تارىخىدىكى دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى بۈگۈنكى دىن خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇشنى تۇتۇپ، ماسلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماركسىزملىق دىن قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە دىنغا دائىر نەزەرىيە، سىياسەت ۋە قانۇن، قائىدە - نىزام سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرا يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر دىن خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا تۆھپە قوشۇش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، دىنىي ساھەنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قالدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا

ئىقتىساد راۋاجلاندى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئومۇمەن ئىناق بولۇۋاتىدۇ. بىراق، بىز شۇنىمۇ روشەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مۇھىم مەزگىلدە، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، دىنىي ساھەمۇ تۇرغۇن يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەلدىكى بەزى تەشكىلاتلار دىن تارقىتىش سالمىقىنى ئاشۇردى، بولۇپمۇ چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ بىزگە سىياسىي سىڭدۈرمىچىلىك ئېلىپ باردى؛ چېگرا سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»لەر دىندىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئامانلىقىنى قوغداش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە ماركسىزملىق دىن نەزەرىيەسى، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتى، دىنغا دائىر قانۇن، نىزام ۋە ئاساسىي بىلىملەر تەربىيەسىنى ئۇزاققىچە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەزكۇر كىتاب ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە كادىرلىرىنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىناق بىللە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇشىنى؛ شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىناق شىنجاڭ، ئىناق قەشقەر بەرپا قىلىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئويناشنى مەقسەت قىلىپ تۈزۈلدى.

— تۈزگۈچىدىن

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب قەشقەردىكى قەدىمكى دىنلار………………………… 1

1. ئىپتىدائىي دىن………………………………………… 2

2. شامان دىنى…………………………………………… 5

3. زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى………………………… 6

4. بۇددا دىنى…………………………………………… 8

5. مانى دىنى……………………………………………… 11

6. ئىسلام دىنى…………………………………………… 13

7. خىرىستىيان (نېستورى) دىنى…………………………… 14

ئىككىنچى باب قەشقەردىكى دىنلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى………… 16

1. قەشقەردىكى دىنلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى……………………… 16

2. قەشقەردىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ ئەھۋالى…………………… 30

ئۈچىنچى باب ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى……………… 65

1. ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە قەشقەرگە تارقىلىشى……… 65

2. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى…………………… 72

تۆتىنچى باب كومپارتىيەنىڭ دىن سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيتى…… 91

1. قەشقەردىكى دىن باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى……………………… 91

2. دىن سىياستى…………………………………………… 93

3. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش……………………………… 123

قوشۇمچە (1): قەشقەردىكى ئاساسلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە يادىكارلىقلار………………………………………… 127

بەشىنچى باب قەشقەردىكى قەدىمكى دىنلار ھەققىدە تەتقىقاتلار…… 159

1. بۇددا دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا 159

2. ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشىنىڭ يىل دەۋرى
توغرىسىدا ........................................................ 173
3. قەشقەر رايونىدا نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخى
توغرىسىدا ........................................................ 184
**قوشۇمچە (2): پايدىلانغان مەنبەلەر**.......................................... 201

## بىرىنچى باب

# قەشقەردىكى قەدىمكى دىنلار

قەشقەر ۋىلايىتى — غەرب بىلەن شەرقنىڭ قاتنىشىش تۈگۈنىگە جايلاشقان، قەدىمدىن بۇيان كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن رايون. ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلار مەشھۇر يىپەك يولىنى بويلاپ، ئارقا - ئارقىدىن بۇ يەرگە تارقالدى. ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقالغاندىن كېيىن، باشقا دىنلار پەيدىنپەي يوقالدى. كېيىن خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنىمۇ قەشقەر تەۋەسىگە تارقالدى. ھازىر قەشقەردە ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، قازاق، تاتارلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئاز ساندىكى خەنزۇلار خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ رۇسلار پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ مانجۇلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان قەدىمكى دىنلار مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم بەزىلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ، باشقا دىنلارغا ئورۇن بەرگەن. ئاخىرىدا پەقەت دۇنيادىكى بىرقانچە چوڭ دىنلا ئاساسلىق دىن سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ئىچىدە ئىسلام دىنى بۇددا دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن كېيىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ئاخىرقى دىن. ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن شىنجاڭدا كۆپ خىل دىنلار

تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي دىن مۇشۇ زېمىندا پەيدا بولغان ھەم ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن دىن ئىدى.

## 1. ئىپتىدائىي دىن

قەدىمقى ئىنسانلار پائالىيىتى ئەڭ بالدۇر باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى. خۇددى باشقا جايلارغا ئوخشاش، يىراق قەدىمكى دەۋردە شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر ئىچىدە ئىپتىدائىي دىنىي قاراش پەيدا بولغان، ئۇلار ئادەمدە تەندىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان «روھ» نىڭ بارلىقىغا، بەلكى بۇ روھنىڭ تەنگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ «روھى» تېنىدىن ئاجراپ باشقا دۇنياغا بارىدۇ، ئۇلار ئۇ جايدا ھازىرقى رېئال دۇنياغا ئوخشاش ياشايدۇ دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئۆلگەنلەرنى كۆمگەندە ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى، ھەتتا زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ تەڭ كۆمۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ مەنىسى ئۇ دۇنيادىمۇ شۇ نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىشلەتسۇن دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىن تېپىلغان يىراق قەدىمكى دەۋردىكى قەبرىلەردىن ئوخشاش بولمىغان مىقداردا ھەر خىل ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىقتى. كېيىن ئىنسانلار تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا ھەر خىل ھادىسىلەرنى چۈشىنەلمەي، خاتا ھالدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش «روھى» بار دەپ قارىغان، ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەبىئەتنىڭ روھىنى ئىنسانلاشتۇرۇپ ۋە ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، خاپىلىقى بار، بەلكى ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز، دەل شۇلار تەبىئەت دۇنياسىنى كونترول قىلغانلىقى ۋە چاڭگىلىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسى سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز، ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ھەر خىل چارە - ئامال‌لار ئارقىلىق تەبىئەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئىلاھلارغا ياخشىچاق بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان، بۇنىڭ

بىلەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش پەيدا بولغان.

قەشقەردىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئوبيېكتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاسمان، يەر، قۇياش، ئاي، بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما، دەريا، تاغ قاتارلىق شەيئىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلار چوقۇنىدىغان ئوبيېكت بولغان. ئارخېئولوگلىرىمىز لوپنوردىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن بىر جەمەتنىڭ ئاممىۋى قەبرىسىنى تاپقان. بەزى قەبرىلەر تۇم ۋە ئىنچىكە ياغاچ قوزۇقلار بىلەن يەتتە قەۋەت قاشالانغان بولۇپ، قاشانىڭ سىرتىغا تۆت تەرەپكە چېچىلغان نۇر شەكلىدە ياغاچ تىزىلغان، ئاشۇ توغرىسىغا ۋە يېنىچە قويۇلغان يۇمىلاق ياغاچلار ئارقىلىق نۇر چېچىپ تۇرغان بىر قۇياشنىڭ شەكلى چىقىرىلغان. مانا بۇنىڭدا قەدىمكى لوپنورلۇقلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئالتاي ۋىلايىتى كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ تاڭبالىق تاش ئۆڭكۈرىدىن قىيا تاشقا سىزىلغان رەڭدار رەسىم تېپىلغان بولۇپ، رەسىمنىڭ ئۈستى قىسمىغا مەركەزداش ئىككى چەمبەر، ئۇنىڭ يېنىغا رەڭدار بولۇت، ئاستىغا بىر غەلىتە ئادەم بېشى سىزىلغان. بۇ تاش رەسىمدە ئىپادىلەنگىنى ئىنسانلارنىڭ قۇياش ۋە ئايغا چوقۇنۇشىدۇر. قەدىمكى تاشكەنتلىكلەر ئۆزلىرىنى «قۇياشنىڭ ئۇرۇقى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، مەنىسى قۇياشنىڭ ئەۋلادى دېگەنلىك بولىدىكەن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنىدىغان قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قۇياش ۋە ئايغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ھازىرمۇ نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا. قازاقلار ھازىرمۇ «ئۆزلىرىنى قۇياشتىن تۇغۇلغانلار» دەپ تونۇپ، يەنىلا قۇياش ۋە ئايغا چوقۇنىدۇ، ئاي شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە كىشىلەر ئايغا قاراپ ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرمۇ شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر چوقۇنىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئوبيېكت بولغان. قەدىمكى لوپنورلۇقلار جەسەتلەرنى كۆمگۈچە ئۆلگۈچىنىڭ مەيدىسىگە چاكاندا شېخى سېلىنغان بىر كىچىك خالتا قويۇپ قويغان؛ ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش يېزا ئىگىلىك

ئاھالىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولسا، چارۋىچىلار ئىچىدە ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئومۇملاشقان. تەڭرىتاغ، كۇئىنلۇن تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىدا كالا، قوي، تۆگە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن قىيا تاش رەسىملىرى بار. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالىدىغان ھايۋانلار، مەسىلەن بۆرە، چاشقان قاتارلىقلارغا كىشىلەر تېخىمۇ بەك ساداقەتمەنلىك بىلەن چوقۇنغان. شىنجاڭدىكى قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا بۆرىگە چوقۇنغان.

توتېمغا چوقۇنۇش شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ۋە «تاغ - تىزىملار قۇرئى» دا خاتىرىلىنىشىچە، مۇتيەنزى غەربتىكى كۇئىنلۇن تېغىغا چىقىپ «ئوماي» بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «تورقى ئادەمگە ئوخشايدىكەن، چىشى يىلپىزنىڭكىدەك، قۇيرۇقى يولۋاسنىڭكىدەك ئىكەن، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئوماي» بەلكىم يىراق قەدىمكى دەۋردە كۇئىنلۇن تېغى ئەتراپىدا ياشىغان، يولۋاس ۋە يىلپىزنى توتېم قىلغان ماترىئارخاللىق قەبىلىنىڭ سەردارى بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۆرىنى توتېم قىلغان بولۇپ، تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا بىر تۈك بۆرىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن. قاڭقىللار، ئۇيسۇنلار، قىرغىزلار ئۆزلىرىنى «بۆرىنىڭ ئەۋلادى» دەپ ئاتايدۇ.

توتېمغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشنى چۈشەنمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان خاتا تونۇشىنىڭ مەھسۇلى. كىشىلەر نەسىل قالدۇرۇش ھادىسىسىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، نەسىل قالدۇرۇشقا چوقۇنۇشقا باشلىدى. قۇتۇبىدىكى مەشھۇر قامجاي تاش ئۆڭكۈرىگە چېكىلگەن نەسىل قالدۇرۇشقا چوقۇنۇش سۈرىتىدە، ئەينى چاغلاردىكى كىشىلەرنىڭ نەسىل قالدۇرۇشقا چوقۇنۇشقا دائىر كۆرۈنۈشلەر جانلىق خاتىرىلەنگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاياللار نەسىل قالدۇرۇشنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى كىشىلەرنىڭ

چوقۇنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر ئىچىدىن نۇرغۇن ياغاچ ئويما ۋە تاش ئويما ھەيكەللەر چىقتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ماترىئارخاللىقتىن پاترىئارخاللىق جەمئىيىتىگە كۆچكەندە، ئەرلەر ئاستا - ئاستا ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، چوقۇنۇشنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. مورىنىڭ چىداۋگۇ دېگەن يېرىدىكى يېغىلىق دەۋرىدىن قالغان قەبرە ئىچىدىن ئەرلەرنىڭ تاشتىن ياسالغان جىنسىي ئەزاسى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى راستتەك كۆرۈنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەردىمۇ بۇ خىل تاش بۇيۇم تېپىلدى.

## 2. شامان دىنى

ئىپتىدائىي دىنلار تەرەققىي قىلىپ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە كاھىنلار يەنى شامانلار پەيدا بولغان، بۇ چاغدىكى ئىپتىدائىي دىن يەنە «شامان دىنى» دەپمۇ ئاتالغان. شامان دىنى شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئىچىدە ئىنتايىن كەڭ تارقالغانىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدە شامانلار ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار قەبىلىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىپلا قالماستىن، ھەتتا ھەربىي يۈرۈش قىلىش، جەڭ قىلىشلاردىمۇ تەڭ ماڭغان، ھەربىي ئىشلارغا ئارىلاشقان ھەمدە ئۇلاھتىن قوشۇنىنى ئامان - ئېسەن ساقلاش، ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنى تىلەشكەن. «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان، «قۇتادغۇبىلىك» تە شامانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بايان قىلىنغان مەخسۇس بىر باب بار. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدە شامان دىنىنىڭ ئىزلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، مازارغا چوقۇنۇش ھەمدە مازارغا شاخ سانجىپ قويۇش، بوغقۇچلارنى، كالا ۋە ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىنى ئېسىپ قويۇش، پېرە ئويناش قاتارلىقلار.

# 3. زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى

جۇڭگولۇقلار قەدىمكى پېرسىيەدە پەيدا بولغان زوروئاستېر دىنىنى ئاشۇنداق ئاتايتتى، بۇ دىندىكىلەر ئوتقا چوقۇنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىن ئاتەشپەرەسلىك، زەردۇشت دىنى دەپمۇ ئاتالغان. ئاتەشپەرەسلىك دىنى شىنجاڭغا سىرتتىن ئەڭ بالدۇر كىرگەن دىن، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى تارىختا خاتىرىلەنمىگەن. 1978- يىلى ئۈرۈمچى ئالغۇيدىكى بىر قەدىمكى قەبرە ئىچىدىن بىر دانە مىس تاۋاق چىققان. ئىسپاتلىنىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىردىن 1- ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ بولغان بۇ مىس تاۋاق ئوتتۇرا ئاسىيادا تېپىلغان ئاتەشپەرەسلىك نەزىر - چىراغ مېھرابىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئاتەشپەرەسلەر مەخسۇس ئوت ئۈچۈن نەزىر- چىراغ قىلىدىغان چاغدا ئىشلىتىدىغان نەرسىدۇر. مانا بۇ ئاتەشپەرەسلىكنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىردىن 1- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتەشپەرەسلىك پېرسىيەدىن «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. ئاتەشپەرەسلىكتە ئاسمان، يەر، قۇياش، ئاي، سۇ، ئوت، ياغاچ، تۇپراققا چوقۇنۇلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇ شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان ئىپتىدائىي تەبىئىي چوقۇنۇشلار بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئاسانلا قوبۇل قىلىنغان. ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ئاتەشپەرەسلىك شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېز تارقالدى ۋە تەرەققىي قىلدى. يېقىنقى يىللاردا تۇرپاندىن بىرنەچچە جەسەت ساندۇقى تېپىلدى، ئۇنىڭ ئىچىگە قايتا دەپنە قىلىنغان جەسەت سېلىنغان. جەسەت ساندۇقىغا ۋە دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئاساسلانغاندا، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان جەسەت ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇخلىسى ئىكەن. تۇرپاندىن تېپىلغان

ھۆججەتلەردىمۇ ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇخلىسلىرى قوللىنىدىغان ئىسىملار ۋە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت خاتىرىلەر بايقالدى. ئاتەشپەرەسلىكنىڭ تۇرپاندا تېز تەرەققىي قىلىپ كېتىشى ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ھوشيارلىقىنى ئاشۇرغان. ئاتەشپەرەسلىككە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئاتەشپەرەسلەر كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، مەخسۇس ئاتەشپەرەسلىكنى باشقۇرىدىغان ئەمەل — سابۇ تەسىس قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان بەزى كونكرېت تەدبىرلەرمۇ قوللىنىلغان. ئاتەشپەرەسلىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈزۈكسىز زەربىگە ئۇچراپ كۇنسايىن زەئىپلەشكەندە، ئەكسىچە شىنجاڭدا گۈللىنىش مەزگىلىگە كىرگەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتەشپەرەسلىك توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، قوچۇ، كىنگىتتە «ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئاسمان ئىلاھىغا ‹ئاتەشپەرەسلىككە› ، قوشۇمچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن»، ئۇدۇندا «ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن» دەپ يېزىلغان؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قومۇل تەزكىرىسى «شاجۇ، ئېۋىرغول تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا قومۇلدا ئاتاشپەرەسلەرنىڭ بىر بۇتخانىسى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئىچىدە سانسىزلىغان خىلمۇخىل بۇتلار بار ئىكەن»؛ بۇ بۇتخانىنىڭ راھىبى زابانخا پايتەختكە بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە روھنى تەنگە قوندۇرۇش ۋە خەنجەرنى قورساقتىن ئۆتكۈزۈشتەك سېھرگەرلىكلەرنى كۆرسەتكەن، كېيىن تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا سەييارە سانغۇن دەپ نام بېرىلگەن. مىلادىيە 10- ئەسىردە ئەرەب ساياھەتچىسى مىسار باخ بەگلىكى (ھازىرقى چىرا ناھىيەسى) نىڭ پايتەختى باخ شەھىرىدە «ئاتەشپەرەسلىك مۇخلىسلىرى» نى كۆرگەن. ئاتەشپەرەسلىك دۆلەت دىنى ئورنىغا ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاساسەن يېزىلاردا تارقىلىپ، شۇ جايدىكى ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ ئارىلىشىپ، ئاخىر خەلق ئىچىدىكى دىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. شۇڭا، سۇڭ سۇلالىسى

دەۋرىدىن كېيىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان. لېكىن، ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئوتقا چوقۇنۇش ئادىتى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. قەشقەر تاشقورغان تەۋەسىدە بۇ دىنىنىڭ خارابىلىرى خېلى كۆپ تېپىلدى.

## 4. بۇددا دىنى

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستاندا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئىجادچىسى شىمالىي ھىندىستاندىكى كەپىلەۋەستۇ دۆلىتى (ھازىرقى نېپال چېگراسى ئىچىدە) نىڭ شاھزادىسى گوتاما بولۇپ، بۇددا دىندارلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ساكيامونى» (مەنىسى «ساكيا جەمەتىنىڭ ئەۋلىياسى») دەپ ئاتىغان. ساكيامونى ئىنسانلار قۇتۇلالمايدىغان تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق ھەر خىل ئازابلارغا چىدىماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستاندىكى بىرىنچى تەبىقە بىراخمانلاردىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن راھىب بولۇپ، ئاخىر «بۇددا بولغان» ۋە بۇددا دىنىنى ياراتقان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە بۇددا دىنى ھىندىستان، كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە يېپەك يولىنىڭ جەنۇبى ـ شىمالىي يولى ئارقىلىق خوتەن، كۇسەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شىنجاڭ دەل قۇللۇق جەمئىيەتتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان باسقۇچتا ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە ئون تەپرىقچى ھاكىمىيەتلەر ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، توختىماي جەڭ قىلىشاتتى، جەمئىيەت تۇراقسىز ئىدى. بۇددا دىنى سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ دەل مۇشۇنداق دىندىن پايدىلىنىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى بېسىشقا موھتاج ئىدى. ئەمگەكچى خەلق ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ پاجىئەلىك

تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى. نەتىجىدە بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، جايلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەدەپ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز تارقالدى. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە بۇددا دىنى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا بۇددا دىنىنى ئاساسىي دىن قىلىپ كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

ئەينى زاماندا ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى شەھەر بەگلىكلىرىدە يۇقىرىدا بەگ ـ ئەمەلدارلار، تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى دېگۈدەك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىبادەتخانا سېلىش، مۇنار ياساش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىمارەت كۆلىمىمۇ ناھايىتى چوڭ، بېزىلىشى ئىنتايىن كاتتا بولغان. شىنجاڭدىكى مەشھۇر قىزىل مىڭئۆي، ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيلىرى دەل شۇ مەزگىلدە ياسالغانىدى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىككى چېتىدە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يوللىرىدا ئۇدۇن ۋە كۇسەندىن ئىبارەت بۇ ئىككى بۇددا دىنى مەركىزى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەنگەن. ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نۇرغۇن راھىبلار قۇملۇقنى كېزىپ شىنجاڭغا كەلگەن ياكى شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بۇددا نومى ئېلىشقا بارغان. مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا راھىب فاشيەن شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا نوم ئەكېلىشكە بارغان. ئۇ يول ئۈستىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ دىنىي مەزھەپلىرى، ئىبادەتخانىلار، راھىبلارنىڭ سانى، بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشىنى «بۇددا ئەللىرىگە ساياھەت» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا فاشيەن ئەينى زاماندا شىنجاڭدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ئىككى خىل بۇددا دىنى پائالىيىتىنى ئىنتايىن تەپسىلىي ۋە جانلىق خاتىرىلىگەن. بىرى ئۇدۇندىكى «بۇتنى نامايىش قىلىش» مۇراسىمى، يەنە بىرى قەشقەردىكى «راھىبلارغا زىياپەت بېرىش» بولۇپ، بۇتنى نامايىش

قىلىش بۇتنى هارۋىغا تىكلەپ نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل بۇددا دىنى پائالىيىتى ئىدى. ئۇدۇندا ئۆتكۈزۈلگەن بۇنداق مۇراسىم ئادەتتە 14 كۈن داۋاملىشاتتى. ئۇ ئۇدۇندىكى 14 چوڭ ئىبادەتخانىدا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، مۇراسىم ئىنتايىن داغدۇغىلىق، كەڭ كۆلەملىك بولاتتى. ئۇنىڭغا بارلىق بۇددا راهىبلىرى قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى پادىشاھ، خانىشمۇ قاتنىشاتتى. بۇت تىكلەنگەن هارۋا شەهەر دەرۋازىسىغا 100 قەدەم كېلىدىغان جايغا كەلگەندە، پادىشاھ تاجنى ئېلىۋېتىپ، يېڭى كىيىم ئالماشتۇرۇپ، يالاڭ ئاياغ هالدا قولىدا كۈجە ۋە گۈل تۇتۇپ، شەهەردىن چىقىپ بۇتنى قارشى ئالاتتى؛ خانىش بىلەن كېنىزەكلەر شەهەر دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاقتىن پەسكە قارىتىپ گۈل چاچاتتى؛ قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا بولسا «راهىبلارغا زىياپەت بېرىش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق مۇراسىم هەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، مۇراسىمغا پادىشاھ رىياسەتچىلىك قىلاتتى، جايلاردىكى راهىبلار تەكلىپ قىلىناتتى؛ پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئايرىم - ئايرىم هالدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر راهىبلارغا «خىلمۇ خىل قىممەت باھالىق نەرسىلەر ۋە ئىبادەتخانىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر» نى سەدىقە قىلىپ بېرەتتى.

مىلادىيە 5- ئەسىردىن 7- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭدا ئۇرۇش ئىنتايىن كۆپ بولغان، بوستانلىق ئىگىلىكى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتكەن. كىشىلەر ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلمەي تۇرغان ئەهۋال ئاستىدا يەنە ئىبادەتخانا سېلىش، مۇنار ياساش ۋە بۇددا پائالىيەتلىرى خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىش، زور بىر تۈركۈم ئەمگەك قىلماي يەپ ياتىدىغان راهىبلارنى بېقىش «كۆتۈرەلمەسلىك ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك خەلققە تېخىمۇ ئېغىر كەلگەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى تېخىمۇ پاجىئەگە مۇپتىلا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇددا دىنىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان. مىلادىيە 7- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بۇددا دىنى گەرچە

ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئاساسلىق دىنلىق ئورنىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەن. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا كەلگەن ئاتاقلىق راھىب شۈەنزاڭ جايلاردا كۆرگەن بۇددا دىنىنىڭ ئەھۋالى مەيلى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىمارىتى، بۇددا دىنى پائالىيىتى، راھىبلارنىڭ سانى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، فاشيەن كۆرگەن دەۋرگە يەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىشى ۋە زەربە بېرىشى ئارقىسىدا بۇددا دىنى تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاخىر ئىسلام دىنى چىقتى.

## 5. مانى دىنى

مانى دىنى ئېلىمىزدە «مۇنى دىنى» دەپمۇ ئاتالغان، بۇ دىندىكىلەر يورۇقلۇققا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىن يەنە «يورۇقلۇق دىنى»، «پىر ئۇستاز دىنى» دەپمۇ ئاتالغان. مانى دىنىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە پىر ئۇستاز مانى قەدىمكى پېرسىيەدە بەرپا قىلغان. مانى دىنى بىر مەھەل پېرسىيەدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، كېيىن پېرسىيەدە ھۆكۈمرانلار بىلەن ئاتەشپەرەسلەرنىڭ چەتكە قېقىشى ۋە زەربە بېرىشى تۈپەيلىدىن، مۇخلىسلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ماكانلىشىپ قالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مانى دىنىنىڭ ئىككىنچى يۇرتىغا ئايلىنىپ قالغان. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن، بۇ ئاتەشپەرەسلىكتىن كېيىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن يەنە بىر پېرسىيە دىنىدۇر. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغد سودىگەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن شىنجاڭغا سودا قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇلار ئالتاي، تۇرپان ۋە لوپنور قاتارلىق جايلاردا تەدرىجىي ماكانلىشىپ، بىرنەچچە ئولتۇراقلىشىش رايونلىرىنى

شەكىللەندۈردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىيانانىڭ ئالىي سەردارى مانى دىنى مۇرىتى كاڭ يەندىيەن سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا تاشلىنىپ كەتكەن پىچانكۆل (لوپنور) تاش شەھىرىگە كېلىپ، بۇ جايدا يېڭى شەھەر بىنا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوغدلارنىڭ كۆنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كاڭ يەندىيەن يەنە تاش شەھەرنى چۆرىدىگەن ھالدا 480 چاقىرىم كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە «يېڭى شەھەر»، «قۇيمال شەھىرى»، «ساپ قورغان» قاتارلىق شەھەرلەرنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن لوپنور كۆلى رايونىدا تاش شەھىرىنى مەركەز قىلغان سوغد مانى مۇخلىسلىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش رايونى شەكىللىنىدۇ. ئەمما، ئەينى زاماندا سوغد مانى مۇخلىسلىرى قەبىلە بويىچە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، مانى دىنى شىنجاڭدا كەڭ تارقىلالمىغان. مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان. شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقى بەربات بولغان، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار تەرەپ - تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن؛ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، تۇرپاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، دەسلەپتە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يەنىلا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، ھەر كۈنى مانى مۇخلىسلىرىدىن 300 — 400 كىشى ئۇيغۇر خاقانىنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ، مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا زىكرى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت مانى دىنىنىڭ شەرقتىكى بىر ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن مانى دىنى تۇرپاندا تېز تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن؛ ئىدىقۇت، يارغول، سۇلمى (قاراشەھەر) قاتارلىق جايلاردا مانى دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بىلەن دىنىي مەزھەپلىرى قۇرۇلۇپ، زور ساندىكى مانى راھىبلىرى قوشۇنى پەيدا بولغان. يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلار ئالاھىدە چوڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە بولغان، ئىبادەتخانىلار كۆپلەپ يەر ئىگىلىگەن ھەمدە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئىبادەتخانا ئىگىلىكى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، تۇرپاندا

كەينى ـ كەينىدىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن ئاسار ـ ئەتىقىلەر، تام رەسىملىرى ۋە خارابىلەر ئەينى زاماندا تۇرپاندىكى مانى دىنىنىڭ گۈللەنگەن ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا ئەگىشىپ، مانى دىنى تەدرىجىي ھالدا بەربات بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئەمما، سۇڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مانى دىنى ۋە مانى مۇخلىسلىرىنىڭ پائالىيىتى داۋاملىشىپ تۇرغان. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى مانكەنت خارابىسى دەل مۇشۇ دىنىنىڭ قەشقەردىكى يادنامىسىدۇر.

## 6. ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى «ئاللا» نى بىردىنبىر ئىلاھ دەپ بىلىدىغان بىر ئىلاھلىق دىندۇر. ئۇ بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرىدۇر. ئۇ مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككە شەھىرىدە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، جۇڭگودا ئىلگىرى مۇسۇلمانلار دىنى، پاك دىن ياكى ساماۋى دىن دەپ ئاتالغان. «ئىسلام» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى بويسۇنۇش يەنى «ئاللا» نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش دېگەنلىك بولىدۇ. شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار «ئاللا» نى پارس تىلىدا «خۇدا» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كىتابى «قۇرئان كەرىم»، ئۇنىڭدىن قالسا «ھەدىس» بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسى بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئاللاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش، پەرىشتىلىرىگە ئىمان ئېيتىش، كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرز ــ شاھادەت ئېيتىش (ئىمان ئېيتىش)، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتۇر. ئادەتتە،

ئىسلام دىنى 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن دەپ قارىلىدۇ. 962 - يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەن قارا خانىيلار سۇلالىسى خوتەندىكى بۇددا خانلىقىغا دىنىي ئۇرۇش يۈرۈشى قىلىپ، 1006 - يىلى خوتەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى خوتەن رايونىغا تارقاتقان. تەخمىنەن 1346 - يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسىي كۈچىگە تايىنىپ، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتكەن. 16 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسىي دىن بولۇپ قالغان. ھازىر شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، تاجىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 7. خرىستىيان (نېستورى) دىنى

نېستورى دىنى خرىستىيان دىنىنىڭ ئەڭ بالدۇر شىنجاڭغا ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن بىر دىنىي مەزھىپى. بۇ دىن قۇرغۇچىسى نېستورىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دىن بولۇپ، يەنە «پىراۋوسلاۋىيە دىنى»، «مىشكا دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نېستورى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى ئاساسەن مانى دىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولۇپ، مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە ئۇ ئاساسەن تۇرپاندا تارقالغان، نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئاساسلىقى جۇڭگوغا كەلگەن سۇرىيەلىكلەر، سوغدلار ۋە پارسلار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى، سۇڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە تۇرپان نېستورى دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى مەركىزىگە ئايلانغان، باشقا جايلاردىمۇ خېلى كۆپ ساندا نېستورى مۇخلىسلىرى بار ئىدى. مىلادىيە 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب ساياھەتچىسى مىسار چىرا ناھىيەسى تەۋەسىدە نېستورى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنى يولۇقتۇرغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن موڭغۇللار

ھۆكۈمرانلىق قىلغان يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىگىچە دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، نېستورى دىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېز تارقىلىپ، گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. ئەينى زاماندا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە نېستورى دىنىمۇ مۇسۇلمانلار تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەشقەر نېستورى دىنىنىڭ 25 دىنىي رايونىنىڭ 19 ـ رايونى بولۇپ قالغان. ئىتالىيەلىك ئاتاقلىق ساياھەتچى ماركوپولو شىنجاڭغا كەلگەندە، يول ئۈستىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بۈگۈر، ئىلى، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ئەينى زاماندىكى نېستورى دىنىنىڭ چېركاۋلىرىنى ۋە نېستورى دىندارلىرىنى يولۇقتۇرغان. تۇرپاندىن تېپىلغان نېستورى دىنىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «مۇناجات» مەخسۇس ئۇيغۇر نېستورى دىنى مۇخلىسلىرى توي قىلغاندا توي ئۈستىدىكى قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئېيتىشى ئۈچۈن يېزىلغان. بۇ پاكىت نېستورى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، نېستورى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى.

# ئىككىنچى باب

# قەشقەردىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

## 1. قەشقەردىكى دىنلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

قەشقەر يەنىلا كۆپ خىل دىن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھالەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. ھازىر قەشقەردە ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى (يېڭى دىن) قاتارلىق ئۈچ خىل دىن بار.

**بۇددا دىنى**

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6- ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىمالىي ھىندىستاندىكى كەپىلەۋەستۇ (ھازىرقى نېپال تەۋەسىدە) بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى گەۋتەمە سىددارتە (كېيىنكىلەر «ساكيامۇنى» دەپ ئاتىغان) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1- ئەسىردە ھىندىستانلىق راھىبلار كەشمىر ئارقىلىق قەشقەرگە تارقاتقان. نەچچە 10 يىلدىن كېيىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە تارقالغان، كېيىن يەنە يىپەك يولى ئارقىلىق ساكارائۇل، كۇسەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

بۇددا دىنى: ئادەمنىڭ ھاياتى تۆرلۈك مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنىڭ ئورتاق رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ۋە باشقۇرىدىغان ئىگە بولمايدۇ، ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتنى پەقەت ئىستىقامەت قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدۇ؛ ئادەم ھاياتىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ساختىلىق، جاھىللىقنى تۈگىتىپ، دىيانغا ئولتۇرۇپ

ئىستىقامەت قىلىش، تەركىدۇنيا بولۇش لازىم؛ بۇ دۇنيا قۇرۇق، بۇددىغا ئېتىقاد قىلغان بىلەن ھېچنىمە بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەينى يىللاردا يېغىلىقلار ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرغاچقا، ئىقتىساد خارابلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناچارلىشىپ، يۇقىرىلار گاڭگىراپ قالغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللى بېرىدىغان بىر خىل ئەقىدىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن، سىرتتىن تارقىلىپ كەلگەن بۇ دىنىنى ناھايىتى تېزلىكتە قوبۇل قىلدى.

بۇددا دىنى سۇلىدا مىڭ يىلغا يېقىن تارقالدى. ئۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالغان ۋاقتى پەقەت مىلادىيە 2- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى يەنى بەنچاۋ سۇلىدىن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن چاغ بولدى. شۇ چاغلاردا (مىلادىيە 114- يىلدىن 120- يىلغىچە) سۇلى بەگلىكىنىڭ بېگىنىڭ ئىسمى ئارگۇ بولۇپ، ئۇ تاغىسى چىنپەن بىلەن سىياسىي كۆزقاراش جەھەتتە چىقىشالمىغانلىقتىن، چىنپەننى توخرىلارنىڭ كۇشان سۇلالىسىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇيلىمىغان يەردىن چىنپەن بەختسىزلىكتىن ئامەتكە ئېرىشىدۇ، توخرىلار بەگلىكىدە كۇشان خانى ئۇنى ئەزىز مېھمان قاتارىدا ئەتىۋارلايدۇ، ئۇنى بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئىككىيلەن ئىنتايىن يېقىن بولۇشۇپ كېتىدۇ. سۇلىنىڭ بېگى ئارگۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى يوق بولغاچقا، خانىش چىنپەننىڭ جىيەن ئوغلى چيەنفۇنى سۇلىنىڭ بېگى قىلىشقا كۆرسىتىدۇ. چىنپەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزى چيەنفۇنىڭ تاغىسى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ھوقۇققا تېخىمۇ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۇشان خانىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، قوشۇن باشلاپ سۇلىغا قايتىپ كېلىپ تەختنى تارتىۋالىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي چىنپەن جاسارەتكە كېلىپ، ئەلنى گۇللەندۇرۇشكە تىرىشىپ، سۇلى بەگلىكىنى غەربىي يۇرتتىكى كاتتا كۈچلۈك بەگلىككە ئايلاندۇرىدۇ. چىنپەن كۇشان سۇلالىسىگە بارغاندا، دەل جانىسىنگا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى، جانىسىنگا بۇددا دىنىغا قاتتىق چوقۇناتتى، بۇ چىنپەننىڭ بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. چىنپەن يۇرتىغا قايتىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بۇددا ساگرام ئىبادەتخانىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە

ياساتتى، بۇددا بۇرھان نومىلىرىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنچۇ 7- يىلى (120- يىلى) گە كەلگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى سۇلى بەگلىكىدە ئاساسلىق ئورۇندىكى دىنغا ئايلاندى، شۇنداقلا سۇلى غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنىنى تارقىتىدىغان مەركىزىي جايلارنىڭ بىرسىگە ئايلاندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 18- يىلى (644- يىلى) ئەتىيازدا راھىب شۈەنزاڭ نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بېرىپ، قايتىش سەپىرىدە سۇلىدىن ئۆتكەن چاغدا، سۇلى بەگلىكىنىڭ بېگى ۋە پۇقرالىرىنىڭ «بۇددا دەرمە» لىرىگە قاتتىق ئىشىنىدىغانلىقىنى، بۇ جايدا چوڭ - كىچىك نەچچە يۈز ساگرام - بۇتخانىلارنىڭ بارلىقىنى، بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ بىر تۈمەندىن ئاشىدىغانلىقىنى كۆردى. قاغىلىقتا نەچچە ئون ساگرام بولغان، ھالبۇكى غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر بۇددا مەدەنىيىتى مەركىزى بولغان ئۇدۇن بىلەن كۇسەندە 100 نەچچىدىن بۇتخانا بار ئىدى، بۇددا دىنى راھىبلىرى 5000 دىن كۆپرەك ئىدى. شۈەنزاڭ سۇلى بەگلىكىدە بۇددا دىنى ئىشلىرىنىڭ مىسلىسىز گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، غەربىي يۇرت ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىكەن، دېگەن. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە سۇلىدىكى بۇددا دىنى ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. بىراق، سۇلى بەگلىكىدە ئېتىقاد قىلىدىغىنى ھىنايانا مەزھىپىدىكى بۇددا دىنى بولۇپ، ئۇ ئېتىقاد قىلىدىغان ماھايانا دىنىنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغاچقا، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى سۇلىغا ئائىت باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار كۆپ خاتىرىلەنمىگەن.

سۇلىدا بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى يەنە بىر بەلگە — سەجدە قىلىدىغان بۇرسۇڭ ئەردىنى يەنى بۇتلار كۆپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايىغا ئايلىنىپ قالغان. مىلادىيە 4- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۆتىۋەر راھىب داۋئەن ئۆزىنىڭ «بۇددا يۇرتى خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «سۇلى ئېلىدە بۇددا ھامماملىرى بار، ھاممام قىزىل سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 4 گەز كېلىدۇ، مۇنداق ھاممامدىن بەگ ئوردىدا

پايدىلىنىدۇ». بۇ يەردە دېيىلگەن «بۇددا ھامماملىرى» ئېيتىشلارغا قارىغانىدا، بۇددا پىرى ساكيامۇنىدىن قالغان تەۋەررۇك بولۇپ، ئۇ «بۇددا دىنىنىڭ گۆھىرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئادەتتە ئۇ تېپىلغۇسىز قىممەتلىك نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى سۇلى بەگلىكىدە تاپقىلى بولىدىكەن، ئۇ ئوردىدا ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ، شۇ چاغلاردا بۇددا دىنى ساھەسىدە كارامەت ئىش بولغان. داڭلىق راھىب جىمىنىڭ ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندىستان) كە بېرىپ، نوم ئېلىپ قايتاشىدا سۇلىدىن ئۆتكەنىدە، ئوردىدا يەنە «بۇددا چۆچىكى» ۋە تاشتىن ياسالغان «بۇددا تۇكۇرۇك قاچىسى» قاتارلىق بۇددا پىرى تەۋەررۇكلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆردى. ئېيتىشلارغا قارىغانىدا، «بۇددا چۆچىكى» ساكيامۇنى ئىستىقامەت قىلغاندا ئىشلىتىدىغان تاۋاق ئىكەن. «بۇددا تۇكۇرۇك قاچىسى» ئۇ تۇكۇرۇكنى قاچىلايدىغان تۇكۇرۇكدان ئىكەن. مۇشۇنداق بۇددا گۆھەرلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى ۋە ئىشلىتىلگەنلىكى، شۇ چاغقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن شەرەپلىك بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېيىڭ 3- يىلى (462- يىلى) سۇلىنىڭ بېگى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى گاۋزۇڭ تۇباغا 2 جاڭدىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى «ساكيامۇنى كاساياسى»نى تەقدىم قىلغان. ئۇ چاغلاردا پادىشاھ ۋېن چىڭدى بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنمەي، بۇ كاسايانىڭ راست ياكى ساختىلىقىنى تەكشۈرمەكچى بولغان. كىشىلەرگە ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان، توپتوغرا بىر كۈن كۆيدۈرسىمۇ كاسايا كۆيمىگەن. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان مۆلكى ۋە ھەربىي ئەمەلداردىن 100 نەچچە كىشى قاتتىق ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، بۇددا كارامىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كاسايا بەلكىم تاشپاختىدىن توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ساكيامۇنىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنى كىيگەن - كىيمىگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. ئەمما، سۇلى بەگلىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى چىنپەندىن كېيىنكى ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، بۇددا پىرى تەۋەررۇكلىرىنى ھەقىقەتەن كۆچەپ

ئىزدىدى ۋە ئۇنى ئىشلەتتى. يۇقىرىدا خان ئۇرۇق - جەمەتلىرىدىن تۆۋەندە پۇقرالارغا قەدەر ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ «ئۈچ گۆھىرى» (بۇددا، دەرمە، راھىب)گە چوقۇنماي قالمىغان، بۇ شەك - شۈبھىسىز.

سۇلىدا بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى يەنە بىر ئىپادە نوم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىن ئىبارەت. غەربىي يۇرتنىڭ مۆتىۋەر راھىبى كۇماراجىۋا ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ تەيشى 1- يىلى (356- يىلى) سۇلىدا ھىنايانا نوملىرىنى بىر يىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى تولۇق بىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ، شۇ جايدىكى بۇددا دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى ھەمدە سۇلى بېگىگە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ سۇلى راھىبلىرىغا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ نوملىرىدىن «نوم چاقنى پىرقىرىتىش دەستۇرى» ۋە باشقا بۇددا نوملىرىدىن دەرس سۆزلىدى. ھىندىستاننىڭ بۇدداشۇناسلىق تەرجىمانى دەرمەگۇپتەمۇ سۇلىغا كېلىپ، بۇ جايدىكى راھىبلارغا بۇددا نوملىرىدىن ئىككى يىل دەرس ئۆتتى. تاڭ شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ ۋەتەنگە قايتقان چاغدا، نوم ئارتىلغان پىل تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك نوملار يوقاپ ۋە بۇزۇلۇپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 18- يىلى (644- يىلى) ئەتىيازدا، تاڭ شۈەنزاڭ ئۆتەر يولىدا كۆكئارت ئارقىلىق سۇلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە نوملارنى تولۇقلاش، كۆچۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى.

بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئارقىسىدا ساڭرام - بۇتخانىلار سېلىنغاندىن باشقا، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلارنى تاللاپ، بۇددا رەسىمى سىزىلغان ئۆڭكۈرلەرنى ياساشقا باشلىدى. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۈچ بۇرھان غارى ئەينى چاغدىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ياسىغان ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىچە، ئۈچ بۇرھان غارى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان. ئۇ ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى بۇددا دىنى غارى ھېسابلىنىدۇ. بۇ غار «جۇڭگودىكى مەشھۇر يادىكارلىقلار لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن

باشقا، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قاغىلىق ناھىيەسىدە يەنە بۇت ئۆڭكۈر بۇددا غارىمۇ بار. ئۇ ھىنايانا مەزھىپىدىكى راھىبلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان جايى بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان. ئەمدى بۇددا ساڭراملىرىنىڭ خارابىلىرىگە كەلسەك، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى ياسالغانلىرىنىڭ ئىزى قالمىدى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن ياسالغانلىرىدىن بىر - ئىككىنى تاپقىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈلۈپ دەلىللىنىشىچە، «مورا بۇددا مۇنارى» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ياسالغان بۇددا دىنى قۇرۇلۇشىنىڭ خارابىسى ئىكەن.

«مورا» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىدا «تۈتۈن چىقىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە، بەلكىم بۇ خارابىنىڭ ئورنىدىكى ئىككى مۇنارنى شۇ جايدىكى ئامما قەدىمكى زاماندىكى ئىس كۆتۈرۈلىدىغان تىم دەپ قارىغاچقا، مۇشۇنداق ئىسىم قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەر قەدىمكى سۇلى بەگلىكى ئەتراپىدىكى بىر داڭلىق بۇددا ساڭرامى خارابىسى بولۇپ، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان قۇمالتاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر قۇم بارخانىدىن ئىبارەت. بۇددا مۇنارىسى ئەينى يىللاردا بۇتخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ جەنۇبقا قارايتتى. ھازىر ئۇ تاغنىڭ كەينىدە بولۇپ چۆل جەزىرىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىدا چاقماق دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىن قىنى بار، ئۇ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خانئۈي قەدىمكى شەھىرىگە ئۇدۇل جايلاشقان. بۇ ئەتراپتىن قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرى، پۇل ۋە تاشلىۋېتىلگەن كارىزلار، غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئاق قاش تىم قەدىمكى تۇر خارابىسى قاتارلىقلار بۇ يەرنىڭ ئەينى يىللاردا ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان، يەرلىرى مۇنبەت، ئىقتىسادى گۈللەنگەن جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئېنىقلانمىغان بۇ خارابىنى كۆزىتىشىمىزچە، بۇ خارابىلىكنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ ئىكەن. ئۇنىڭدا ئىككى بۇددا مۇنارىسىدىن باشقا، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بىر قاتار راھىبلار ھۇجرىلىرى بار، دۆڭنىڭ ئاستىدىكى قۇملۇقتا بىر كىلومېتىردەك سوزۇلغان بىر قاتار قەدىمكى كارىزلارمۇ بار. ئۇ بۇتخانا راھىبلىرىنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن كولانغان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدە بىر مۇنارمۇ

بار. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ئىمارەتلىرىدە مەخسۇس شەرىرە يەنى جەسەت كۈلى قويۇلىدىغان ئىمارەت ھېسابلىنىدىكەن. غەربىي شىمالىي تەرىپىدە بىر بۇددا مۇنارى بار، بۇ بۇتخانىنىڭ مەركىزىي بىناسى بولۇپ، ئۈستىدە قوڭغۇراقلىق بىنا ياكى بۇدساتۋاخانا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. مورا بۇددا مۇنارىسى جايلاشقان جايدىن بۇ خارابىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىگە، بولۇپمۇ راھىبلارنىڭ ھۇجرىسى ۋە بۇتخانا خارابىسىنىڭ ئاستى گەج بىلەن قاتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بېزىلىشىگە قارىغاندا، بۇ بۇتخانىنىڭ ئەينى يىللاردا سۇلى بەگلىكىدىكى ئورنى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇددا دىنى ئىمارىتى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، بەلكىم سۇلى بەگلىكىنىڭ بەگ جەمەتىدىكىلەر مەخسۇس پايدىلىنىدىغان بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ياسالغان ۋاقتى ۋە بۇتخانىنىڭ ئىسمى بەلكىم تيەنشۇ 1- يىلى (690- يىلى) ۋۇزېتيەن جۇ دەۋرىدە جايلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بۇيرۇق چىقىرىپ ياساتقان «دايۈن بۇتخانىسى» ياكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ جۇڭزۇڭ يىللىرى (705- يىلىدىن 709- يىلىغىچە) دۆلەت بۇيرۇق چىقىرىپ ياساتقان شىڭلۇڭ بۇتخانىسى بولۇشى مۇمكىن.

ۋىلايەت تەۋەسىدىكى قاغىلىق ناھىيەسىدە بىر بۇتخانا خارابىسى بار، ئۇمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، ھازىر ئۇ «بۇت بۇرھان بۇتخانا خارابىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)دىن ئىلگىرى بۇ بۇتخانىنىڭ خارابىسىدە ۋەيرانە ئۆيلەر بار ئىدى، ئۈستىگە بۇددا رەسىملىرى سىزىلغانىدى، كېيىن كىشىلەر ئۇنى بۇزۇۋەتكەچكە ئىزى يوقاپ كەتتى.

بۇددا دىنى سۇلى بەگلىكىدە ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك راۋاج تاپتى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر پات - پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، كەڭ كۆلەمدىكى بۇددا دىنى مۇراسىملىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى سېلىقلار ئېغىرلىشىپ بارغاچقا، كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىيالمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارغا روھىي

جەھەتتىن تەسەللى بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان قىزغىنلىقى پەيدىنپەي يوقالدى. بۇددا دىنى سۇلىدا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. كەييۈەن 15- يىلى (727- يىلى) چاۋشيەنلىك مۆتىۋەر راھىب ھيې - چو غەربىي يۇرتقا بۇددا دىنىنى تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئۇ كۇسەن، ئۇدۇنلار توغرىسىدا يازغان خاتىرىسىدە، «ئۇ يەردە بۇتخانىلار، راھىبلار كۆپ» دېدى. دېمەك، بۇتخانىلار بىلەن راھىبلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇددا دىنى ئىشلىرى يەنىلا گۈللەپ ياشناش دەۋرىدە تۇرغان. ئۇ سۇلىدىكى بۇددا دىنى توغرىسىدا يازغان خاتىرىسىدە، بۇ يەردە «بۇتخانا ۋە راھىبلار بار، ھىنايانا ئەقىدىسى تارالغان» دېگەن گەپنىلا قىلدى، بۇنىڭ مەنىسى سۇلىدىكى بۇتخانا ۋە راھىبلار ئانچە كۆپ ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، بۇ چاغدا سۇلىدىكى بۇددا دىنى ئەھۋالى شۇنىڭدەك 80 يىل ئىلگىرى تاڭ شۈەنزاڭنىڭ سۇلىغا كەلگەن ۋاقتىدىكىگە يەتمەيدۇ دېگەن گەپ. مىلادىيە 10- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقالدى. بۇددا دىنى شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى تارىخىي سەھنىسىدىن ئورۇن بوشاتتى، سۇلىدىكى ئاساسىي دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىدى. بۇددا دىنى ئۆي - ئىمارەتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشقا باشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىلدا قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇش مۇشۇ تەۋەدىكى بۇددا دىنى ئۆي - ئىمارەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، بەختكە يارىشا قېلىپ قالغانلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر قانچىسىلا.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى يەنە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تارقىلىشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جايلاردا بۇتخانىلارنى سېلىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى، راھىبلارنى بۇددا دىنى ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭغار خانلىقىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر توققۇز بۇلاق مەنزىرە رايونىدا ئۈچ بۇتخانا سالدۇرغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى) گە كەلگەندە، قەشقەردىكى خان ئامبىلى يۇملاقشەھەردە «ۋەنشۇ ئىبادەتخانىسى»

سالدۇردى، كېيىن قەشقەر يېڭىشەھەردە «ئەۋەلو كىتېپشۇەرە راۋنقى (شەپقەتكار بۇددا راۋنقى)» سالدۇردى، بۇلارغا تىبەت بۇددا دىنى لامالىرى رىياسەتچىلىك قىلىپ، بۇددا نوملىرىنى تەشۋىق قىلدى. خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، بۇ ساگراملار ۋەيران قىلىندى. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى «ئەۋەلو كىتېپشۇەرە راۋنقى» تا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر ساقلىنىپ قالغانىدى، ئەمما «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يەنە ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

## ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇنى ئەرەبىستانلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بەرپا قىلغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ناسىر ئىبنى مەنسۇر ئىسلام دىنىنى قەشقەر تەۋەسىگە تارقاتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ناسىر ئەسلىدە سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىسمائىلنىڭ ئۇكىسى بولۇپ، ئاكىسى بىلەن قارشىلىشىپ قالغاچقا، ئامالسىزلىقتىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭفۇ 2 ـ يىلى (893 ـ يىلى) پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بۇغراخان ئوغۇلچاق بارلىق كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىش، كونا رەقىبىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋاقىتلىق پايتەختى تالاس شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان سامانىيلار سۇلالىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ قاچقۇن شاھزادىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى ھەمدە قەشقەرنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىدىكى ئاتۇشتا ناسىرغا ماكانلىشىدىغان جاي ئاجرىتىپ بەردى ۋە بىر مەسچىت سېلىپ ناسىر ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا بەردى.

مەلۇم بىر كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇسۇلمانلار سودا كارۋىنى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاتۇشقا بېرىپ مەسچىتتە ناماز ئوقۇدى.

دەل شۇ چاغدا، ئوغۇلچاقنىڭ جىيەن ئوغلى، ئەسلىدىكى سۇلالىدىكى چوڭ خان ئارسلانخان بازىرنىڭ ئوغلى سۇتۇق دەل ئۆزىنىڭ 39 نەپەر ياساۋۇلىنى ئېلىپ ئاتۇش ئەتراپىدا ئوۋ ئوۋلاۋاتاتتى. ئۇ ھېلىقى سودا كارۋىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئارقىسىدىكى شۇنچە كۆپ قىممەت باھا ماللىرىغا پىسەنت قىلماي، ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان بۇنداق ئېتىقاد روھى ۋە قاتتىق دىنىي ئىنتىزامنىڭ بەلكىم كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئىشىدا كۈچلۈك سىياسىي مۇجەسسەملەشتۈرۈش كۈچى ۋە ھەربىي كۈچكە ئايلىنىشى مۇمكىنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق رەقىبىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى بىتچىت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۈچلۈك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغىسىنىڭ تەكرار تاپىلاشلىرىغا قارىماي، پۇرسەت تاپسىلا ئاتۇشقا بېرىپ ناسىرنى ئىزدەپ، ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگەندى. سۇتۇق ناسىرنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا، قەتئىيلىك بىلەن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى ھەمدە ياساۋۇللىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنى يوشۇرۇنچە كۆپەيتتى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى قېتىرقىنىپ ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇلكەرىم» گە ئۆزگەرتتى. سۇتۇق 10 نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەتراپىغا بىرنەچچە يۈز نەپەر مۇسۇلماننى توپلىدى. كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنىڭ جېنمىڭ 1- يىلى (915- يىلى) سۇتۇق ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئۆز تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى، ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنى كۈچەپ يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسلاملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قوزغىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنلۇڭ 1- يىلى (960- يىلى) 200 مىڭ تۈتۈندىكى ئاز كەم 1 مىليون تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى «دۆلەت دىنى» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنى ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈمرانلارنىڭ تەخمىنەن ئاز كەم

يېرىم ئەسىر ۋاقىت يولغا قويۇشى ئارقىلىق ئاخىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق دىنىغا ئايلاندى.

## خرىستىيان دىنى

خرىستىيان دىنىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە تارقالغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق. مىلادىيە 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى قەشقەرگە تارقالغان نىستۇرى دىنى دەل خرىستىيان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپى ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ لىزۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، قەشقەر نېستۇرى دىنىنىڭ 19 - رايونى قىلىپ ئايرىلىپ چېركاۋلار سېلىندى. ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقالغاندىن كېيىن، نېستۇرى دىنى پەيدىنپەي يوقىلىپ، مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 18 - يىلى (1892 - يىلى) خرىستىيان دىنى يەنە شۋېتسىيە خرىستىيان دىنى خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن قەشقەرگە تارقالدى. دىن تارقاتقۇچى لانسىدىلىنىڭ باشلامچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم دىن تارقاتقۇچىلار قەشقەرنى مەركەز قىلىپ پەيدىنپەي سىرتقا كېڭەيدى. خرىستىيان دىنى گۇاڭشۈ 21 - يىلى (1895 - يىلى) يەكەنگە تارقالدى، شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە تارقالدى، مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) يېڭىسارغا تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا خرىستىيان دىنىنىڭ قەشقەردە تارقىلىش تورى شەكىللەندى. ئۇلار دىن تارقىتىش جەريانىدا ئىنجىلخانا، دارىلئېتام ۋە دىنىي جەمئىيەت دوختۇرخانىلىرىنى ئېچىپ، جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە قىزىقىشىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە باسما زاۋۇتى قۇرۇپ، ئۇيغۇرچە «ئىنجىل»، «مۇناجات» قاتارلىق دىنىي كىتابچىلارنى تەرجىمە قىلىپ بېسىپ تارقىتىپ، جايلاردا ئاز سانلىق مىللەت مۇرىتلىرىنى كۆپەيتتى.

گۇاڭشۈ 30 - يىلى (1904 - يىلى) شۋېتسىيە خرىستىيان دىنى خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتى قەشقەردە رەسمىي ۋاكالەتخانا قۇردى ھەمدە قەشقەر كوناشەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كىچىك تىپتىكى بىر

چېركاۋ سالدۇردى. ئۈچ ئەر، تۆت ئايال دىن تارقاتقۇچى ھەر كۈنى 20 نەچچە مۇخلىس بىلەن بۇ يەردە مىسسا قىلدى. مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى) دىن كېيىن شۋېتسىيە خىرىستىيان دىنى خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنى ئەنگلىيە سېتىۋالدى. دىن تارقاتقۇچىلار دوختۇرلۇق قىلىش، دىن تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئاخبارات توپلاپ، ئەنگلىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ جەمئىيەت يەنە بۇ ھاكىمىيەت ئۈچۈن گېزىت - ژۇرنال، پۇل بېسىپ بەردى. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىيسى شېڭ شىسەي مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 8- ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شۋېتسىيە خىرىستىيان دىنىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىنى تاقىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم خادىملىرى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم دىندارلار خىرىستىيان دىنىنى يەنە قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. 1990- يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى، پوسكام ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەسىدە خىرىستىيان دىني مۇرىتلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئاز دېگەندە 20 — 30 كىشى، كۆپ بولغاندا 100 نەچچە كىشى ھەرىكەت قىلغان. ئۇلارنىڭ رەسمىي دىني ۋەزىپىدىكى خادىملىرى يوق، چېركاۋلىرىمۇ يوق، ئەمما قەرەللىك ھالدا ئۆزلىرى سايلاپ چىققان چاقىرغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، «ئىنجىل»، «مۇناجات» ئوقۇپ، مىسسا قىلغان. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنى باشقۇرۇشقا باشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى ۋە دىني تۈزۈلمىنىڭ زور دەرىجىدە

ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ دىن ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ھەرقايسى دىنلار ئەكسىيەتچىل سىنىپلارنىڭ كونتروللۇقى ۋە پايدىلىنىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز دىنىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان، ئۆز دىنىنى نورمال تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھالەتكە كىردى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالىغان كەڭ ئېتىقادچى ئاممىا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلدى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلار 88 گە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات ئىككىگە (ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىر، بۇددا دىنى جەمئىيىتى بىر)، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات 17 گە (بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 13، بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئۈچ، خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى بىر)، ناھىيە دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات 68 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 65، بۇددا دىنى جەمئىيىتى بىر، خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ئىككى) غا يەتتى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي كىلاسسىك كىتابلار ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ يەنە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ۋە خەنزۇچە «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرى، شۇنداقلا بۇددا دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىپ تارقاتتى. ھەرقايسى دىنلاردىكى ئېتىقادچى ئاممىا ئېھتىياجلىق بولغان دىنىي كىتابلار شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كىتابخانىلاردا سېتىلىدۇ.

2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى مەسچىت 24 مىڭ 147، بۇددا ئىبادەتخانىسى (لاما ئىبادەتخانىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 53، خىرىستىيان دىنى چېركاۋى 33، پائالىيەت ئورنى 153 كە يەتتى. يەنە داۋجياۋ دىنى ئىبادەتخانىسىدىن بىرى، كاتولىك دىنى

چېركاۋىدىن 12 سى، پائالىيەت ئورنىدىن سەككىزى، پىراۋوسلاۋىيە دىنى چېركاۋىدىن ئۈچى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما 10 مىليوندىن ئاشىدۇ، يەنى شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ. دىنىي خادىم 28 مىڭدىن ئاشىدۇ، ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات 102. ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1980 - يىلىدىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە يېڭىدىن سېلىنغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ يېزىلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھەربىر مەھەللىدە بىردىن كىچىك مەسچىت، كەنتلەردە بىردىن جامە بار. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردا مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ئادىتى بار، تەسىرى بار مازارلارغا مەسچىت سېلىنغان، بۇنداق مەسچىتلەردىن شىنجاڭدا نەچچە 10 ى بار.

دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا 1987 - يىلى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇت ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى ھەمدە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ۋەزىپىدىكى دىنىي خادىملارنى تەربىيەلىدى. 1990 - يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىسلام دىنىنىڭ دىن ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ھەرقايسى مەسچىتلەر ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەپ بەردى. بىر قىسىم ئابرۇيلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن تالىپ تەربىيەلەشكە باشلىدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر دىنىي خادىملار كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپلا قالماي، خۇسۇسىيلار ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ ئاچىدىغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئۈچ خىل كۈچ» لەر دىندىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ

بېرىشنى تېزلەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتتى، ھەتتا بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭغا قارىتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، جىنايى ئىشلارغا زەربە بېرىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ساھەنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

## 2. قەشقەردىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ ئەھۋالى

## 1. ئىسلام دىنى

### 1. ئىسلام دىنىدىكى دىنىي مەزھەپلەر ۋە دىنىي ئېقىملار

**دىنىي ئەقىدە، دىنىي مەزھەپلەر**

ئىسلام دىنى بىرلا ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خۇدالىق دىن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىدۇ. مۇرىتلىرىدىن ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، ھەدىسكە، رەسۇلۇللاغا ئىشىنىش، ئاخىرەتتە تىرىلىدىغانلىقىغا، مەھشەرگاھتىكى سوراققا ئىشىنىش؛ ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزى تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرزدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەردىكى ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئالداش - گوللاش، قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىش، خىيانەت قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، جېدەل

تېرىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ئاجىز قولۇم - قوشنىلىرىنى بوزەك قىلىش، باھادا ئادىل بولماسلىق، كەم تارتىپ بېرىش، بېسىمدارلىق قىلىش، دەللال - ئىسپاتنى يوشۇرۇش، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش، كىشىلەرنى سەۋەبسىز زەخىملەندۈرۈش ۋە ئۆكتەملىك قىلىش، ۋەھشىيلىك قىلىش، خاس پايدا ئېلىش، رەھىمسىزلىك قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، تالان - تاراج قىلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش، زىناخورلۇق قىلىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىقلار چەكلىنىدۇ. ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا بىلىم ئۆگىنىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىس تاللاش مەسىلىسىدە، ئىسلام دىنى ئىككى چوڭ مەزھەپكە يەنى سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

1) سۈننىي مەزھىپى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى «ئەھلى سۈننەت ۋەل جەمائە»، «ئەنئەنىچىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ بولغان بىر خىل مەزھەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزھەپ ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىي (ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۆت چاھارىيار» دەپ ئاتىلىدۇ) لەرنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نى ئاللا نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، «ھەدىس»نى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇقلىمىسى دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆز مەزھىپىدىكى ئالتە چوڭ «ھەدىس» توپلىمىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ تەلىماتى ۋە شەرىئەتلىرىنى بەرپا قىلىپ، ھەنەفىيە، شافىئىيە، مالىكىيە، ھەنبەلىيەدىن ئىبارەت تۆت چوڭ نوپۇزلۇق فىقھىيەنى شەكىللەندۈرگەن. قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ مەزھەپتە بولۇپ، ئىمام ھەنەفىينىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدۇ. سۈننىي مەزھىپى يەنە دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي ئەقىدە، ئىستىقامەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى تونۇشىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئەنئەنىچىلەر، ئىشانلار، ۋەھھابىيلار مەزھەپلىرىگە ئايرىلدى.

ئەنئەنىچىلەر بىر خۇدالىق دىندا قاتتىق چىڭ تۇرىدۇ، بەندىلەر بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا «ۋاسىتىچى» بولىدۇ دەيدىغان تەلىماتقا قارشى تۇرىدۇ. ئەۋلىيالار، مازار - ماشايىخلار، مۇقەددەس نەرسىلەرگە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەۋلىيا، ئەنبىيالارغا ھۆرمەت قىلساق بولىدۇ، چوقۇنۇشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. شەرىئەت، دىنىي ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، تەرىقەتنى تەشەببۇس قىلمايدۇ.

ئىشان مەزھىپى تەسەۋۋۇپچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇلار گۆشسىز تاماق يېگەنلىكى، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيگەنلىكى ئۈچۈن «سوپىلار» دەپ ئاتالغان («سوپى» دېگەن سۆز ئەرەبچە «قوي يۇڭى» دېگەن مەنا بېرىدۇ). ئىشانلار سىرلىق مۇھەببەت، پان ئىلاھچىلىق ۋە تەرىقەتچىلىكنى تەرغىب قىلىدۇ، چىن كۆڭلىدىن ئىستىقامەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، «تەۋھىد (ئىلاھ بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى)» ئىستىقامەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى قىلىنغاچقا، ئۇ «سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىشانلار ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئەمما، تەرىقەت ئىستىقامىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇرىتلاردىن بەش پەرزنى ئورۇنلىغاندىن باشقا، سىرلىق ئۇسۇل بىلەن ئۇستازلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە زىكىر قىلىش ئارقىلىق «ئاللانىڭ ۋىسالىغا يېتىش» يولىدا ئەمەل - ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە مۇرىتلاردىن ئەۋلىيالار، مازار - ماشايىخلارغا چوقۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مازار - ماشايىخلارنى تاۋاب قىلىشنى بەيتۇل ھەرەمنى تاۋاب قىلغانلىق بولىدۇ دەپ تەرغىب قىلىدۇ، پىنھان يۈرىدىغان ئۈممەتلەر قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىماملارنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، مۇرىتلار ۋارىسلىق قىلىدۇ ياكى ئىمام ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىقتىدارلىق شاگىرتىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئىشانلار يەنە ئىستىقامەت ئۇسۇلى ئوخشىمىغاچقا، قادىرىيە، خۇفىيە، كۇبرىيە، چەستىيە، سوھرە، ۋەردىيە، مەۋلىيە، نەقشبەندىيە مەزھەپلىرىگە بۆلۈنىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىشان مۇرىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نەقشبەندىيە مەزھىپىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئىشان كالان مەزھىپىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشانلارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ.

19 ـ ئەسىردە قەشقەر، يەكەنلەر ئىشانلار ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولدى، 80% ئاھالە ئىشانلارغا مۇرىت بولدى. ئىشانلار تەرىقەت ئىستىقامەتلىرىنى سۆزلىگەچكە، ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئىشان مەزھىپىدىكى بىر قىسىم ئەمەللەر ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 ـ، 60 ـ يىللاردا بىر قىسىم ئىشان مۇرىتلىرى يەنە ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىدى. 1978 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيەنىڭ مىللەت ـ دىن سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دىن باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

ۋەھھابىيە مەزھىپى يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە قەشقەرگە تارقالدى، بۇنىڭ ئادىمى 1000 ئەتراپىغا يېقىنلاشتى.

2) شىئە مەزھىپى. ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىگە قارشى ئاساسىي مەزھەپ بولۇپ، ئەسلىدە ئەلىگە ئەگەشكەن ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن سىياسىي گۇرۇھ ئىدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، دىنىي مەزھەپكە ئايلاندى. بۇ مەزھەپنىڭ قارىشىچە، ھاشىم جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسساﻻمنىڭ قانۇنىي ۋارىسى بولىدۇ. ئۇلار ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلۇغلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى «سەئىدلەر» دەپ ئاتايدۇ؛ «قۇرئان كەرىم»دىكى «يوشۇرۇن مەنە»نى تەكىتلەيدۇ؛ ئەۋلىياﻻر، مازار ـ ماشايىخلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمامنىڭ ۋارىسلىق نەسەبلىرى، ئىمام سانى ۋە كىمنىڭ ئاخىرقى ئىمام ئىكەنلىكى قاتارلىق تەشەببۇسلىرى ئوخشىمايدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر يەنە زەيدىيلار، يەتتە ئىمام مەزھىپى، 12 ئىمام مەزھىپى قاتارلىق مەزھەپلەرگە بۆلۈنىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تاجىكلار يەتتە ئىمام مەزھىپى (ئىسمائىلىيە مەزھىپى)گە ئېتىقاد قىلىدۇ، يەكەندىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار 12 ئىمام مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

## 2. پائالىيەت نۇقتىلىرى

ئەنئەنىچىلەر مەزھىپىدىكى مۇرىتلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرى مەدرىسە، مەسچىتلەردىن ئىبارەت؛ ئىشان مەزھىپىدىكى مۇرىتلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىسى خانىقا بولىدۇ.

1) مەدرىسە ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئەمەللىرىنى ئادا قىلىش سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا قەشقەردىكى مەدرىسەلەر ئىككىگە بۆلۈنەتتى، ئۇنىڭ بىرسى «قارىيخانا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئاساسلىقى بالىلارغا ئەرەب ئېلىپبەسى ئۆگىتىلىدۇ، تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇش ۋە ناماز توغرىسىدىكى دەسلەپكى بىلىم قاتارلىقلار ئۆگىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تۆت ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر بولىدۇ. قارىيخانا ئادەتتە يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىت ياكى خەلپەت (دىن ئوقۇتقۇچى)لەرنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار بېرىپ كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئىككىنچىسى، مەدرىسە بولۇپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مەخسۇس دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەيدۇ. ئوقۇش مەزمۇنى ئىسلام دىنىنىڭ 13 مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىلمى فىقھە، ئىلمىنۇجۇم، ئەدەبىيات ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە گىراماتىكىلىرى قاتارلىقلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قارىيخانىنى پۈتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار بولىدۇ.

مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا قەدەر قەشقەردە نۇرغۇن قارىيخانا ۋە مەدرىسەلەر بار ئىدى. قەشقەر شەھەر رايونىدا ۋە ئەتراپتىكى چوڭ ـ كىچىك كوچىلار، مەھەللە، كەنتلەردە خەلق قۇرغان قارىيخانىلار 60 — 70 تىن ئاشاتتى، مەدرىسە 30 دىن ئاشاتتى، ناھىيە (شەھەر)لەردىمۇ 20 — 30 يەردە قارىخانا بار ئىدى، 2 — 3 تىن مەدرىسە بولاتتى. 1958 ـ يىلى دىنىي ئىسلاھاتتا بۇ دىنىي ئوقۇش

يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسى تاقىۋېتىلدى.

مەدرىسەلەر ئىچىدە بىرقەدەر داڭلىقراقلىرىدىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى، ساقىيە مەدرىسەسى، قاغىلىقتىكى جامە مەدرىسەسى، پوسكامدىكى ساك مەدرىسەسى، گۈلباغ مەدرىسەسى قاتارلىقلار بۇنىڭدىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى سېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى مىلادىيە 960- يىلىدىن 970- يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 2- چوڭ خانى مۇسا ئارسلانخان تەرىپىدىن سالدۇرۇلدى، ئۇنىڭغا «خانلىق مەدرىسە» دەپ ئىسىم قويۇلدى، ئۇ شۇ چاغدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالىي مائارىپ ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ. مەدرىسەدە ئاساسەن ئىسلام دىنى خادىملىرى تەربىيەلەندى، ئاساسلىق دەرسى «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق دىنىي جەھەتتىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇقلار بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلمنۇجۇم (ئاسترونومىيە)، جۇغراپىيە، تېببىي ئىلىم ھەم باشقا تەبىئىي پەن ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت بىلىملەر ئۆگىتىلدى. 13- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر سىياسىيون مەسئۇت بەگ قەشقەرنى باشقۇرغان چاغدا، بۇ مەدرىسەنى كېڭەيتىپ ياسىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغاندا مىڭغا يەتتى. بۇ مەدرىسە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇدىيە ئىنستىتۇتى بىلەن ئوخشاش نامدا ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان فېئودال يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مەزكۇر مەدرىسەنى ئۆزىنىڭ خانلىق مەدرىسەسى دەپ قارىدى. بۇ جەرياندا قەشقەر تەۋەسىدىكى نۇرغۇن داڭلىق ئاخۇنلار مۇشۇ مەدرىسەنى ئوقۇپ چىققانلار ئىدى.

2) مەسچىتلەر. مەسچىتلەر ھېيتگاھ مەسچىتى، جۇمە مەسچىتى، ئادەتتىكى مەسچىت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ قۇرۇلمىلىرى ھەيۋەتلىك، تارىخى ئۇزاق، سىغىدىغان ئادىمى كۆپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە چوڭ - چوڭ ھېيت - ئايەملەردە ئېچىۋېتىلىپ ناماز ئوقۇلىدۇ. جۇمە مەسچىتىنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولۇپ، ئاساسەن جۇمە نامىزى ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن

ئېچىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدا مىيىت نامىزىمۇ ئوقۇلىدۇ. ئادەتتىكى مەسچىتلەر مۇخلىسلار ئادەتتە ناماز ئوقۇيدىغان سورۇن ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدە بىرقەدەر داڭلىقراق مەسچىتلەردىن قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى، قاغىلىقتىكى جامە مەسچىتى، يەكەندىكى جامە مەسچىتى، ئازنا مەسچىتى قاتارلىقلار بار. ھېيتگاھ مەسچىتى 1442 ـ يىلى ياسالغان، يەر كۆلىمى 25.22 مو بولۇپ، تەخمىنەن 16 مىڭ 820 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭدا 60 — 70 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. جامە مەسچىتى 1540 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياسالغان، يەر كۆلىمى 3646 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭدا 5000دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئازنا مەسچىتى 1470 ـ يىلى ياسالغان، ئۇنىڭدا 5000 دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

3) خانىقا. ئىشان مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پائالىيەت نۇقتىسى بولۇپ، كۆپىنچە مازارلاردا تەسىس قىلىنىدۇ. ئىشانلار بۇ يەرلەردە مۇرىتلىرىغا ۋەز ئېيتىدۇ، تەپسىر سۆزلەيدۇ، مۇرىتلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە تەسىرى چوڭراق بولغان قەدىمكى مازارلاردىن 10 نەچچىسى بار، ئۇلارغا تامامەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا شېھىت بولغان كىشىلەر ياكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار دەپنە قىلىنغان. بىرقەدەر داڭلىقراقلىرىدىن ئاپاق خوجا مازىرى، ئوردام مازىرى، ئالتۇن مازار، يۈسۈپ قادىرخان مازىرى، زۇگلاڭ مازىرى، ئارسلانخان مازىرى قاتارلىقلار بار.

ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىگە جايلاشقان، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى «ئاق تاغلىقلار»نىڭ ئىمامى ھىدايىتۇللا دەپنە قىلىنغان جاي. ئوردام مازىرى يېڭىسار ناھىيەسى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى تۇتىشىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان دەپنە قىلىنغان جاي. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئارسلانخان شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنپىڭ 1 ـ يىلى (998 ـ يىلى) بۇ يەردە

خوتەن بۇددىستلىرى قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغاندا ئۆلگەن ۋە مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئالتۇن مازار يەكەن ناھىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، يەكەن خانلىقىدا ئۆتكەن خانلار دەپنە قىلىنغان جاي ھېسابلىنىدۇ. يۇسۇپ قادىرخان مازىرى يەكەن ناھىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 4- چوڭ خانى يۇسۇپ قادىرخان دەپنە قىلىنغان جاي. زۇگلاڭ مازىرى قاغىلىق ناھىيەسىگە جايلاشقان، ئۇ مىلادىيە 10- ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە شېھىت بولغان مۇخلىسلارنىڭ قەبرىسى ھېسابلىنىدۇ.

4) دىنىي زاتلار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، جايلاردىكى ئەنئەنىچىلەردە ئەلەم، مۇپتى، قازى، رەئىستىن ئىبارەت تۆت ئاخۇن جايلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى چاڭگىلىدا تۇتاتتى. ئەلەم جايلارنىڭ دىن ئىشلىرى بويىچە ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئومۇمىي ھوقۇقنى چاڭگىلىدا تۇتاتتى، ئۇ «ھەزرەت» دەپمۇ ئاتىلاتتى. مۇپتى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىزاھلاشقا مەسئۇل بولۇپ، شەرىئەتكە خىلاپ ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەلەمدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاخۇن ھېسابلىناتتى. قازى شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىنغان دېلولارنى سوراشقا مەسئۇل بولۇپ، ئەلەم، مۇپتىلاردىن قالسا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى، رەئىس جىنايى ئىشلار قانۇنىنى چاڭگىلىدا تۇتاتتى. شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغان مۇخلىسلارنى قازى سوراق قىلىپ، مۇپتى جىنايىتىنى بېكىتىپ، ئەلەم تەستىقلاپ، ئاندىن رەئىسنىڭ ئادەم تەشكىللەپ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇراتتى. جىنايىتى يېنىك بولسا جەرىمانە قويۇلاتتى، ئېغىر بولسا دەررىگە بېسىلاتتى ۋە جەرىمانە قويۇلاتتى.

مەسچىتلەردە خاتىپ، ئىمام، مەزىندىن ئىبارەت ئۈچ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىم بولىدۇ. كەنت، بازارلاردىكى مەسچىتلەردە ئىمام ۋە مەزىنلا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمام مەسچىت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇشىغا ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ خاتىپ جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشكە ۋە خەتمە قۇرئان قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ مەزىن

ئەزان توۋلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. دىنىي ۋەزىپىدىكى بۇ خادىملارنىڭ چىقىمى ۋەخپە كىرىمىدىن بېرىلىدۇ ۋە مەسچىتنىڭ ئۆشرە-زاكاتلىرىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىيە قىلىدىغانلىرىمۇ بار.

ئىشان مەزھىپىدىكىلەر بىر-بىرىگە بېقىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملىرى بولىدۇ. ئىشانلارنىڭ قول ئاستىدا خەلىپە، سوپى، ھاپىز، بۇۋىلەر بولىدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تەقسىماتى بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىن ئىسلاھاتى ئارقىلىق چوڭ-چوڭ جامەلەرگە خاتىپ، ئىمام، مەزىنلەر قويۇلدى، ئادەتتىكى مەسچىتلەرگە ئىمام، مەزىنلا قويۇلدى. ئىشانلارنىڭ ھەرىكىتى چەكلەندى. دىنىي زاتلار ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشايدىغان بولدى، ئاز ساندىكىلەرگە ھۆكۈمەت تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى.

## ھەنەفىي فىقھە ئېقىمى

ھەنەفىي فىقھە ئېقىمى — ئىسلام دىنىدىكى فىقھە ئېقىملىرىنىڭ بىرى. 8-ئەسىردە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئېقىمنى تىكلىگەن. بۇ ئېقىم شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشنا ئاساسەن «قۇرئان كەرىم» گە ئاساسلىنىدۇ، ھەدىسنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوللىنىدۇ؛ قىياس ۋە ئىجمائنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلارنى تەتبىقلاشتا بىرقەدەر جانلىق ئىش كۆرىدۇ، ئەھكاملارنى ئىجرا قىلغۇچىنىڭ شەخسىي پىكرى ۋە ھۆكمىنى تەكىتلەيدۇ، شۇڭا «پىكىر تەرەپدارلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىم ئەھكاملارنى ئىزاھلىغاندا، شەرىئەت ئاتالغۇلىرىغا قارىغاندا شەرىئەت روھىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا قىياسنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، قازى (دىنىي سوتچى) پەتىۋانىڭ مۇۋاپىقىنى تاللاش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئادىللىققا يېقىنراق كېلىدىغان ھۆكۈمنى چىقارسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئېقىم ئىسلام دىنى ئىچىدە تەسىرى ئەڭ كەڭ بىر فىقھە ئېقىمى بولۇپ، تۈركىيە، ئىراق، مىسىر، ھىندىستان، پاكىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارالغان. سەئۇدى

ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ھەنبەلىي فىقھە ئېقىمى (كىتاب تەرەپـ-
ـدارلىرى، بەزىدە ئەسلىيەتچىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا ئېتىقاد قىلىدۇ.
مالىكىي فىقھە ئېقىمى ۋە شافىئىي فىقھە ئېقىمى دېگەن ئىككى ئېقىم
ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي
ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا تارقالغان. شىنجاڭدىكى
مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەنەفىي فىقھە ئېقىمىغا ئېتىقاد
قىلىدۇ.

## سوپىلار (سوپىزمچىلار) ئېقىمى

سوپىلار (سوپىزمچىلار) ئېقىمى — ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار
ئېقىمى (ئىشانلار). «سۇف» دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قوي يۇڭى»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ ئەزالىرى بىرىنىڭ قوي يۇڭىدىن
توقۇلغان كىيىم كىيىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەللىكىگە شۈكۈر
قىلىدىغان، ئېتىقادتا ئىخلاسمەن بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان.

سوپىلار شىنجاڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئېقىملارنىڭ بىرى.
شىنجاڭدىكى سوپىلار ھەنەفىي فىقھە ئېقىمىغا كىرىدۇ. سوپىلار ئىسلام
دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق قائىدىسىگە رىئايە
قىلغاندىن باشقا، ئۆز پىرىگە چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئەۋلىيالاشتۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىپ، ئۆز سۇلۇكىنىڭ پىرىنى «ئەۋلىيا» دەپ قارايدۇ.
«ئەۋلىيا»نىڭ «كارامەت» كۆرسىتىش ئىقتىدارى بار دەپ ئىشىنىدۇ،
مازارلارنى تاۋاپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مازارنى تاۋاپ قىلىشنى
مۇرىتلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمىلى دەپ قارايدۇ. سوپىلار
بۇلارنى تارقىتىش داۋامىدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەبىئەتكە
چوقۇنۇش، روھ - ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇش، ئاتا - بوۋىلارغا چوقۇنۇش،
شۇنىڭدەك شامان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئەگىشىش قاتارلىق ئادەتلىرىنى
قوبۇل قىلىپ ۋە بۇلارنى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنى
شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. سۇلۇك ئىچىدە قاتتىق
تەشكىلىي شەكىل بار، دىنىي دەرىجە ئېنىق، ھەرىكەت مەخپىي،
ھەرىكەت سورۇنى خانىقا، پىر «شەيخ»، «ئىشان» قاتارلىقناملار

بىلەن ئاتىلىدۇ؛ تۆۋەندىكىلەر خەلىپە، سوپى، ھاپىز (ھېكمەت ئوقۇغۇچى)، مۇرىت، بوۋى دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىشان» دېگەن سۆز پارسچە «ئۇلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، دىنىي زاتلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ قالغان. نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ 3- ئەۋلاد پىرى خوجا ئەھدار ھەممىدىن ئاۋۋال «ئىشان» دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نام مۇشۇ سۇلۇكنىڭ چوڭ - كىچىك پىرلىرىنىڭ رەسمىي نامى بولۇپ قالغان. سوپىلىق شىنجاڭدا كەڭ تارقالغانلىقى، ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلارنى «سوپى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، بۇ ئىسىم ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا. ھازىر تەسەۋۋۇپچىلار يەنى سوپىلار قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ئۇيغۇر ۋە شىنجاڭدىكى خۇيزۇ (ئۇلار تەرىقەتچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ) مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

### قەدىمىيە

قەدىمىيە — شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىدىن بىرى. «قەدىمىيە» ئەرەب تىلىدا «قەدىمكى دىن»، «قەدىمىي ئېقىم» دېگەن مەنىدە. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن - ئەھكاملىرى، قائىدە - يوسۇنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى مىڭ، چىڭ خاندانلىقلىرى دەۋرىدە سىڭىپ كىرگەن سوپىزم تەرىقىتى («جەھرىيە»، «يېڭى سۇلۇك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن پەرقلەندۈرۈپ، شۇنداق ئاتىغان. مەزكۇر ئېقىم سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىچىلىرى (ئەھلى سۈننەت) نىڭ قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، «ئالتە ئىمان» (ئەل ئاقائىد ئەل سىتتە)، «بەش پەرز»، «سەككىز دىنىي ئەقىدە» ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇن، تۈزۈملىرىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۆزئارا مەنسۇپ بولماسلىقتەك جامائە تۈزۈمىنى، دىنىي ئىشلاردا ئىمام ياكى ئاخۇننى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى، مەسچىتتە ئىمام، خاتىب، مەزىن بولۇشتەك «ئۈچ ئاخۇنلۇق تۈزۈم» قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويىدۇ. مەزكۇر ئېقىمنىڭ تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن تۈزۈم جەھەتتە پىكىر

ئىختىلاپى بولۇپ، ئىمامغا ئېھتىقاد قىلىش، ئۇنىڭ ئىشتىراك ئىلاھلىقى، ئىمامغا ئېھتىقاد قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپى بولۇپ، ئىمامغا تېھۈننىش ۋە گۇمبەزگە تاۋاپ قىلىشقا قارشى تۇرسىمۇ، ئىراق ھەرقايسى تەرىقەت ۋە دىنىي مەزھەپلەر چىقىشىپ ئۆتۈش پوزىتسىيەسىنى ساقلايدۇ. مەزكۇر ئېقىم جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ بۇرۇن، ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان ئاساسلىق ئېقىمىدۇر. شىنجاڭدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئېقىمغا تەۋە.

## 3. ئىسلام دىنىدىكى پەرزلەر

مۇسۇلمانلاردىكى پەرزلەر ھەربىر مۇسۇلمان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئىپادە بىلەن قىياپەت جەھەتتىكى ئاساسىي پەرز بولۇپ، «ئىمان ئېيتىش»، «ناماز ئوقۇش»، «روزا تۇتۇش»، «ئۆشرە - زاكات بېرىش»، «ھەج قىلىش» قاتارلىق بەش تۈرلۈك، بۇ قىسقارتىلىپ «بەش پەرز» دېيىلىدۇ.

### ئىمان ئېيتىش

ئەرەبچە «شاھادەت» دېيىلىپ «دەلىللەش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئاساسلىقى «دەلىللەش» ئارقىلىق ئاللانىڭ سۆزىنى مەدھىيەلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان ئېيتىشتا «كەلىمە تەييىبە» كۆپرەك ئوقۇلىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ھاياتىدىكى ھەر خىل مۇھىم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىمان ئېيتىدۇ. مۇسۇلمانلار «كەلىمە تەييىبە»نى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ.

### ناماز ئوقۇش

ئەرەبچە «سالات» دېيىلىدۇ. بۇ يەنە پارس تىلىدا «ناماز» دېيىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى كەبىگە قاراپ ئىبادەت قىلىش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، سەجدە قىلىش قاتارلىق بىر قاتار دىنىي مۇراسىمنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئىسلام دىنىدا قۇرامىغا يەتكەن

مۇسۇلمانلاردىن ناماز ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئاساسلىقى بەش ۋاق ناماز، جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بەش ۋاق ناماز بولسا، ھەر كۈنى ئوخشاشمايدىغان بەش ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان نامازنى كۆرسىتىدۇ، بۇ نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. جۈمە نامىزى بولسا ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان كوللېكتىپ نامازنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى جۈمە نامىزى مۇسۇلمانلاردىن چوقۇم مەسچىتكە يىغىلىپ بىللە ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا «كوللېكتىپ ناماز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھېيت نامىزى قۇربان ھېيت، روزا ھېيتتا ئوقۇلىدىغان نامازنى كۆرسىتىدۇ.

## روزا تۇتۇش

ئەرەب تىلىدا «سەۋم» دېيىلىدۇ، پارس تىلىدا «روزا» دېيىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى «روزا تۇتۇش»، «پەرھىز تۇتۇش» دەپ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنىدا، ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلنىڭ 9- ئېيى (رامىزان ئېيى) ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن ئەر - ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇش ئېيى قىلىپ بېكىتىلگەن. رامىزان ئېيىدا ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن كۈن پاتقۇچە ئارىلىقتا، مۇسۇلمانلارنى تاماقتىن، ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىشتىن، بارلىق يامان نىيەتلەردىن توسىدۇ. كېسەللەر، سەپەر ئۈستىدىكىلەر، ئېغىرئاياغ ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋاقىتىنچە روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇشى كېرەك.

## زاكات بېرىش

«زاكات» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «پاكلاشتۇرۇش» دېگەن مەنىدە، يەنى مۇسۇلمانلار زاكات بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى تېخىمۇ پاكلاشتۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ بىر خىل ئۆزى خالاپ سەدىقە بېرىدىغان مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى بولۇپ، كېيىنچە بۇ دىنىي باج ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتتىكى ھەم ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە ئايلانغان. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار يىلدا بىر

قېتىم مال ـ مۈلكىنى ھېسابلاپ، نورمال چىقىم ھاجىتىدىن باشقا، بارلىق ئېشىنچا مال ـ مۈلكىدىن بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە باج تاپشۇرۇش. بۇنىڭدا مال ۋە پۇلنىڭ 1/40 قىسمىنى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1/20 — 1/10 قىسمىنى، ئات ـ ئۇلاغ ۋە كان بايلىقلىرىنىڭمۇ مەلۇم نىسبىتى بويىچە باج تاپشۇرۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتىدا، ئۆشرە ـ زاكات بېرىش دىنىي فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ھېسابلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

### ھەج قىلىش

«ھەج» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تاۋاپ قىلىش» دېگەن مەنىدە. بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككە شەھىرىگە جايلاشقان ھەرەم مەسچىتىدىكى بىر تۈرلۈك دىنىي پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئاساسلىق مۇراسىملىرىدىن: بەلگىلەنگەن يەردە ئېھرامغا كىرىش، كەبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىش، ئەرەپات تېغىدا تۇرۇش، سافا مەرۋە تېغى ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈش، شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە قۇربانلىق قىلىش قاتارلىقلار. ئىسلام دىنىدا تېنى ساغلام ھەم ئىقتىسادى يار بەرگەن، قۇرامىغا يەتكەن بارلىق مۇسۇلمانلار سەپىرى ئوڭۇشلۇق، خەتىرى يوق ئەھۋال ئاستىدا، ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشى پەرز دەپ بەلگىلەنگەن. ھەج قىلغۇچى چوقۇم يېتەرلىك خىراجەتنى ئۆزى توپلىشى كېرەك. باشقىلاردىن ئارىيەت ئالماسلىقى، قەرز ئالماسلىقى، قەلەندەرچىلىك قىلماسلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايانماسلىقى، شۇنداقلا پۈتۈن ئائىلىسىگە بىر يىل يەتكۈدەك تۇرمۇش راسخوتى قالدۇرۇشى كېرەك. ھەر خىل شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئاز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەج قىلىشقا بارالماسلىق بىر تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

## 4. ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە ناملىرى

**خەلىپە**

خەلىپە — بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا «ۋاكالەتچى»، «ئورۇنباسار» دېگەن سۆز بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئاللانىڭ ۋاكالەتچىسى، ۋاكالىتەن ئىدارە قىلغۇچىسى دەپ قارىلاتتى. كېيىن بۇ سۆز مەخسۇس مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى سىياسەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلغۇچى داھىينى كۆرسىتىدىغان بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھاكىمىيەت تۇتقان تۆت چوڭ خەلىپە مۇشۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئېلىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ «خەلىپە» دېگەن سۆز توغرىسىدىكى قاراشلىرى مۇنداق: مۇسۇلمانلار مەسچىتلەردە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئاخۇن سەۋىيەسىگە يەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى «خەلىپەت» دەيدۇ؛ جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار تەرىقىتىدىكى بىر دىنىي ۋەزىپە نامى. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئىشان مەزھىپىدە ئىشان ئالاھىدە تەربىيەلىگەن ياكى ۋارىسلىققا كۆرسەتكەن كىشى «خەلىپە» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «شاگىرت» ياكى «ئورۇنباسار» دېگەن مەنىدە.

**ئىمام**

ئىمام — ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدا ئەسلىي «داھىي»، «ئۇستاز»، «باشلامچى» ۋە ئىدىيەۋى نەزەرىيە ساھەسىدىكى «نوپۇزلۇق ئەرباب» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ خىل مەنىلەرگە ئىگە: سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ سىياسىي، دىنىي رەھبىرىنى «ئىمام» دەپ ئاتاپ، «خەلىپە» بىلەن ئوخشاش ئىشلىتەتتى. شىئە مەزھىپىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارماق مەزھىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيلىرىنى ۋە نوپۇزلۇق دىنىي ۋەكىللىرىنى ئىمام دەيدۇ. مەسچىتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز -

ئىبادەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشى «مەسچىتنىڭ ئىمامى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جۇڭگو خۇيزۇ مەسچىتلىرىدىكى ئاخۇن بىلەن ئوخشاش. ئۇ يەنە كالام ئىلمى، فىقھە ئىلمى، ھەدىس ئىلمى، تەپسىر ئىلمى، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردىكى ۋە ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەر، ئىلمىي ئېقىملارنىڭ ئىدىيەۋى نەزەرىيەسىگە ئاساس سالغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

### خاتىپ

خاتىپ — ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى، بۇ يەنە «خەتىب»مۇ دېيىلىدۇ. ئەرەب تىلىدا ئەسلىي «خۇتبە ئوقۇغۇچى»، «دىنىي ناتىق» دېگەن مەنىلەردە ئىدى. جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى خاتىپ دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسچىتنىڭ «ئۈچ ئاخۇن» لۇق تۈزۈمىدىكى ئاخۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ كالام ئىلمى، فىقھى تەشۋىق قىلغۇچى ئىدى؛ كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاخۇنلار قىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا چوڭ مەسچىتلەردە جۈمە نامىزىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشى «خاتىپ» دېيىلىۋاتىدۇ.

### موللا

موللا — ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «قوغدىغۇچى»، «غوجايىن» ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ سۆز دىنىي ۋەزىپە نامى بولۇپ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ھازىر كۆپ خىل مەنىگە ئىگە: (1) مىلادىيە 7 — 8 - ئەسىرلەردە ئەرەبلەرنىڭ خەلىپىلىك دۆلەتلىرىدە ئەرەبلەر باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى «موللا» دەپ ئاتايتتى؛ (2) ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان - پاكىستان ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدا زىيالىيلارنى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى «موللا» دەيدۇ؛ (3) ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدە ئىماملارنى ھۆرمەتلەپ موللا دەپمۇ ئاتايدۇ؛ (4) شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى مەسچىتنىڭ ئاخۇن، ئىماملىرىنى «موللام»

دەپمۇ ئاتايدۇ؛ (5) جۇڭگونىڭ گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئىشلىتىدىغان خۇيزۇ، سالا، دۇڭشياڭ، باۋئەن مىللەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىرى مەسچىتتە دىنىي ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان تالىپلارنى «موللا» دەيدۇ؛ (6) شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا ئەرلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك، سالاپەتلىكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىغا «موللا» دېگەن سۆزنى قوشۇۋېلىش ئادەتكە ئايلانغان.

## ئاخۇن

ئاخۇن — ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئوقۇتقۇچى»، «ئۆلىما» دېگەن مەنىلەردە ئىدى. مەسچىتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى كىشى ۋە بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان دىنىي ۋەزىپىسى بار زاتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. دىنىي بىلىم، تەربىيەلىنىش، ئورۇن، ۋەزىپە قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، تارىختا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈردىكى كىشىلەر «ئاخۇن» دەپ ئاتالغان: ئىمام يەنى مەسچىتنىڭ ئىمامى؛ موللام يەنى تەكلىپ بىلەن دىنىي دەرس بېرىدىغان ئاخۇن؛ ئۈچ ئاخۇن يەنى ئىمامغا ياردەمچى بولۇپ ئەزان توۋلايدىغان مەزىن، خۇتبە ئوقۇيدىغان ۋە بالىلارغا مەرىپەتتىن دەرس بېرىدىغان خەتىب ھەم ئىلمى فىقھىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرىدىغان مۇپتى — بۇ ئۈچىنى قوشۇپ «ئۈچ ئاخۇن» دېيىلىدۇ. ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپ ئاخۇنى يەنى ئېلىپبە ۋە ھەپتىيەكتىن دەرس بېرىدىغان ئاخۇن؛ ئىككى ئاخۇن يەنى چوڭراق مەسچىتلەردە مەخسۇس قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە مەدرىسەدە دەرس بېرىدىغان ئاخۇن؛ ۋەزىپىسىز ئاخۇن يەنى مەسچىتتە تۇرماي دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئاخۇن. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىغا ئاخۇن سۆزىنى قوشىدىغان ئادەت بار، بۇنداق ئەھۋالدا «ئەپەندى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

### شەيخ

شەيخ ــ ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئاقساقال»، «پىركالان». مۇسۇلمانلار دىندا شۆھرەت قازانغان مويسىپىتلارنى، مۇدەررىسلەرنى، ئۆلىمالارنى ياكى نوپۇزلۇق زاتلارنى ھۆرمەتلەپ «شەيخ» دەپ ئاتايدۇ. تەسەۋۋۇپچىلار (سوپىلار) ۋە ئىشان ئېقىمىدىكىلەر باشلىقلىرىنى «شەيخ» دەپ ئاتايدۇ.

### ئىشان

ئىشان ــ شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار (سوپىلار) نىڭ باشلىقلىرى «ئىشان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ئەسلىي پارس تىلىدا ئۈچىنچى شەخس كىشىلىك ئالماشنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «ئۇلار» دېگەن مەنىدە ئىدى، دەسلەپكى مەزگىللەردە باشقا ساھەدىكىلەر بۇ ئېقىمدىكىلەرنى شۇنداق ئاتاپ كەلگەن. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، سوپىلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئاتايدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ قىلىۋالغان. يەنە بۇ سۆزنى ئەرەب تىلىدىكى «ئىرشاد» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگۈچىلەرمۇ بار. «ئىرشاد» دېگەن سۆزنىڭ «يېتەكچى»، «باشلىق»، «ئۇستاز» قاتارلىق مەنىلىرى بار. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو شىنجاڭدا سوپىلارنى «ئىشان ئېقىمىدىكىلەر» دەپ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرىنى «ئىشان» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپى ئىسمائىلىيە سۇلۇكىدىكى تاجىك مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي باشلامچىلىرىنى «ئىشان» دەپ ئاتايدۇ.

### ھاپىز

ھاپىز ــ ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ۋەسىي»، «ھامىي»، «قوغدىغۇچى»، «ساقلىغۇچى». ھازىر تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

(1) «قۇرئان» دا ئېيتىلىشىچە، ئاللانىڭ 99 گۈزەل ئىسمىنىڭ بىرى، مەنىسى «ساقلىغۇچى»؛ (2) ئىسلام دىنىدا «قۇرئان»نى تولۇق يادلىيالايدىغان ئادەمنىڭ ھۆرمەتلەپ ئاتىلىشى؛ (3) جۇڭگو شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىشان ئېقىمىنىڭ جارچىسى. ئىشان ئېقىمىنىڭ مۇرىتلىرى ئىبادەت قىلغاندا، ھاپىز زىكىر قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، ھەلقەساما سالغاندا ھاپىزلار ھېكمەت ئېيتىپ تەڭكەش قىلىشىدۇ؛ (4) مۇسۇلمانلار ئەرلەرگە قويىدىغان ئىسىم.

## تالىپ

تالىپ ــ موللا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەسچىتلىرىنىڭ دىنىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار. خۇيزۇلار مەسچىتلەردە ئاخۇنلۇق دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن دىنىي كەسىپتە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنى «موللا» دەيدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى «خەلىپە» بىلەن ئوخشاش. شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى مەسچىتتە ۋە ھازىرقى دىنىي مەكتەپلەردە، دىنىي ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى «تالىپ» دەپ ئاتايدۇ. قارىي ــ «قۇرئان» نى يادلىيالايدىغان ۋە قىرائەت قىلالايدىغان كىشى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «قۇرئاننى يادقا بىلگۈچى». بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە مەخسۇس «قۇرئان» نى يادلاشنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە قارىيلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

## مەزىن (مۇئەززىن)

مەزىن ــ ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئەزان ئېيتقۇچى». ھەر كۈنى ۋاقتى - ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا چاقىرغۇچى كىشى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىمامنى ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىت بولغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش. ئەزان ئېيتقاندا، مەزىن مەسچىت پەشتىقىغا ياكى مەسچىت ئالدىدىكى سۇپىغا چىقىپ ئەزان توۋلاپ، مۇسۇلمانلارنى ناماز

ئوقۇشقا چاقىرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەزاننى ئاڭلاپ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە بۇرۇنلاردا مەزىنلىك ئاتىسىدىن مىراس قالاتتى، ھازىر تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلىدىغان بولدى. جۇڭگودىمۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇن مەزىنلىك ئاتىسىدىن مىراس قالاتتى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ۋاجىپلىق تۈزۈمگە ئۆزگىرىپ، كۆپىنچە مەسچىتلەردە ئۆگىنىۋاتقان تالىپلار مەزىنلىك قىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەسچىتلىرىدە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مەزىنلەر بار.

## ھاجى

ھاجى — ئىسلام دىنىدىكى پەخرىي نام. ئەرەب تىلىدا «ھەج قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە. مەخسۇس ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانلار ھەمدە ھەج - تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلغان ئەر - ئايال مۇسۇلمانلار. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بۇ ئاتالغۇنى ھەج قىلغانلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئىشلىتىدۇ.

## مۇتەۋەللى

مۇتەۋەللى — ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. خەنزۇ تىلى ئىشلىتىدىغان مۇسۇلمانلار بۇنى ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىدۇ: مەخسۇس مەسچىت باشقۇرۇش تەشكىلىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ ئىمام ئاخۇنغا ياردەملىشىپ، مەسچىتنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ۋە مەسچىت مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەسچىت مۈلكىنى باشقۇرۇش، مەسچىت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىسى بار.

## مۇسۇلمان

مۇسۇلمان — ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئاتىلىشى. ئەرەب تىلىدا «ئىتائەت قىلغۇچى»، «خۇداغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە. بۇرۇن ھەممىدە ئاللاغىلا ئىتائەت قىلغۇچى كىشىلەرنى،

ئىسلام دىنى تارىخىدىكى پەيغەمبەرلەرگە ئېتائەت قىلغۇچى كىشىلەرنى كۆرسىتەتتى، كېيىنچە ئۇمۇمەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

## 5. ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس كىتابلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرى

**«قۇرئان كەرىم»**

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر، «قۇرئان» دېگەن بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «قىرائەت قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 55 خىل نامى بار. جۈملىدىن «قۇرئان كەرىم» ، «كىتاب» ، «ۋەھىي» ، «زىكىر» ، «ئەل ھەق» ، «ئەقىل - پاراسەت» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئاللانىڭ سۆزى دەپ بىلىدۇ.

«...... لەۋھۇلمەھپۇزدا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (مۇقىملاشقان) يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھېكمەتلىك (كىتاب) دۇر» (43- سۈرىنىڭ 4- ئايىتىدىن). «لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر» (85- سۈرىنىڭ 22- ئايىتىدىن). «ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى)» (26- سۈرىنىڭ 193 - ، 194 - ، 195- ئايەتلىرى). ئىسلام مۇفەسسىرلىرىنىڭ قارىشىچە، قۇرئان ھەدىسكە ئوخشمايدۇ. قۇرئاننىڭ مەنىسى ۋە ئىبارىلىرى ۋەھىي بولۇپ، ئىنسانلارغا نازىل بولغان ئاخىرقى كاتتا كىتاب ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بۇرۇنقى كىتابلار ناسىخ قىلىندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 23 يىل (مىلادىيە 610- يىلدىن 632- يىلغىچە) دىننى تەرغىب قىلىش داۋامىدا ئاللانىڭ ۋەھيىسى نامىدا قۇرئاندىكى سۈرىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا سۈرىلەرنى ئاڭلىغانلار يادلىۋالدى ياكى تېرىلەرگە، تاشلارغا، سۆڭەكلەرگە، خورما

يوپۇرماقلىرىغا يېزىۋېلىپ تارقاق ساقلىدى، توپلاپ كىتاب قىلمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۈرە - ئايەتلەرنى پىششىق بىلىدىغان ياكى يادلىۋالغان كىشىلەرمۇ شېھىت بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتۈپ ئازىيىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان ئەبۇبەكرى زەيد بىننى سابىتقا كىشىلەرنىڭ قولىدا تارقاق ساقلىنىۋاتقان سۈرە - ئايەتلەرنى كۆچۈرۈپ، توپلاشنى بۇيرۇدى. مۇسھەف (توپلام) نى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەفسەلەر ساقلىدى. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىگە كەلگەندە جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈرىلەرنى ئوقۇش بىردەك بولماسلىق تۈپەيلىدىن پات - پات تالاش - تارتىش بولۇپ، سۈرىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالدى. خەلىپىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ھەزرىتى ئوسمان زەيد بىننى سابىت، ئابدۇللا بىننى زۇبەيىر قاتارلىق كىشىلەرگە مۇسھەفنى ھەفسە بىلەن يېڭىباشتىن سېلىشتۇرۇپ، تۈزۈپ چىقىشنى ھەمدە قۇرەيشلەرنىڭ يەرلىك شىۋىسىنى ئاساس قىلىپ بىرنەچچە پارچە كۆچۈرۈپ چىقىشنى (نەچچە پارچە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەر خىل سۆزلەر بار)، مەدىنىدە بىر قىسمىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى خەلىپىلىكنىڭ ئالتە شەھىرىگە (مەككە، دەمەشىق، كۇفە، يەمەن، بەسرە ۋە بەھرەين ئارىلىغا) تارقىتىپ بېرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇسخا «ئۆلچەملىك مۇسھەف» يەنى «ئىمام نۇسخىسى» بولۇپ، تارىختا «ئوسمانى مۇسھەف» (ئوسمانىيە نۇسخىسى) ياكى «بېكىتىلگەن نۇسخا» دېيىلىپ، ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىنىدى. ھازىر دۇنيادا قوللىنىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ئاشۇ «بېكىتىلگەن نۇسخا»نىڭ كۆچۈرۈلمىسى ۋە تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇ 30 پارە، 114 سۈرە، 6200 دىن ئارتۇق ئايەتتىن تەركىب تاپقان؛ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىسلام دىنىدىكى ئاساسىي ئېتىقاد ۋە ئاساسىي پەرزلەر ئىچىدە ئاللانىڭ بىرلىكىنى، ئاللاغا بويسۇنۇشنى، سەۋر قىلىشنى، ياخشىلىق قىلىشنى، سەدىقە بېرىشنى ۋە تەقدىرنى ئالاھىدە

تەكىتلەيدۇ؛ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل تەشەببۇس ۋە ئېتىكا قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇممەگە تىكلەپ بېرىلگەن دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي، قانۇن - تۈزۈم ۋە ئېتىكا قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۇنىڭدا كاپىرلار، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچىلار، مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار بىلەن بولغان مۇنازىرىلەر خاتىرىلەنگەن؛ دىننى تەرغىب قىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملاشقان يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە قەدىمكى ئەرەبلەرگە دائىر قىسسەلەر، رىۋايەتلەر ۋە تەمسىللەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن؛ دىنىي مۇراسىم ۋە نەسىھەت پائالىيەتلىرىگە دائىر قەسەمنامە، دۇئا - تىلاۋەتلەرنى، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى، «مەخپىي» ۋە مەنىسى باتىن سۈرە - ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئاسمان - زېمىن، قۇياش، ئاي، بۇلۇت، يامغۇر، يۇلتۇزلار، نۇر، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق دىنىي تەرغىبات پائالىيىتى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ. سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىدە پىروگرامما خاراكتېرلىك ئىمان دۇئاسى تۇنجى سۈرە قىلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان بەزى ئۇزۇن سۈرىلەر ئۇنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ كەينىگە پەند - نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا دائىر مەزمۇنلار، ئاندىن سۈرىلەر ئۇزۇن - قىسقىلىق تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ سۈرىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، ئىسلام دىنىدا ئەھكام چىقىرىش ۋە دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە تۇرغۇزۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ھەر خىل مەزھەپلەر، تەلىماتلار، ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر كۆپ ھاللاردا قۇرئاننى دەستۇر (نەزەرىيە) ئاساسى قىلدى. مۇئتەزىلىيەلەر قۇرئاننى يارىتىلغان دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەنئەنىچىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلەندى.

قۇرئانشۇناسلىقتا «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىش، تەپسىر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى؛ ئوقۇش، يادلاش، چىرايلىق يېزىش ياخشى ئەمەل سۈپىتىدە مەشرۇئى قىلىندى؛ قۇرئاننىڭ نۇرغۇن يازما ۋە ئويما نۇسخىلىرى ھۆسنخەت بىلەن يېزىلىپ، كاتتا مۇقاۋىلاندى. تەتقىق ۋە تەپسىر قىلىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۈرە يېزىلغان بەتلەرنىڭ چۆرىسىدە سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى، سۈرە نامى، ئايەت سانى، نازىل بولغان جايى، رۇكۇ ياكى سەجدە قىلىش قاتارلىقلار رەسمىي كۆرسىتىلىپ مۇقىم پىرىنسىپ قىلىندى. قۇرئاننىڭ تۇنجى نۇسخىسى 1530 ـ يىلى تۇنىستا بېسىلدى، ئاندىن كېيىن 1694 ـ يىلى ھامبۇرگ نۇسخىسى، 1787 ـ يىلى سانكت پېتېربۇرگدا موللا ئوسمان نۇسخىسى بېسىلدى. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تۈركىيە، پېرسىيە، ھىندىستانلاردىمۇ قۇرئاننىڭ باسما نۇسخىلىرى بارلىققا كەلدى. قۇرئاننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەرجىمە نۇسخىسى 11 ـ ئەسىردىكى باغدادتا بارلىققا كەلدى. 1143 ـ يىلى تۇنجى لاتىنچە تەرجىمىسى ئىشلەندى ھەمدە 1543 ـ يىلى باسىلدا نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. قۇرئاننىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى ھەممىدىن بۇرۇن رىمدا باستۇرۇلدى، لېكىن تارقىتىلمىدى. 1694 ـ يىلى ھامبۇرگ نۇسخىسى چىققاندىن كېيىن، غەربتە بىرنەچچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. جۇڭگونىڭ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خەتمە قۇرئان (قۇرئاندىن تاللانمىلار) بارلىققا كېلىشكە باشلىدى ھەمدە سۈرىلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇچە ـ ئەرەبچە سېلىشتۇرما تەرجىمە نۇسخىسى، خەنزۇچە ماس تاۋۇشلۇق نۇسخىسى ۋە 1862 ـ يىلى دۇ ۋېنشۇنىڭ باسما كىتابى چىقتى؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا قۇرئاننىڭ ھازىرقى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، شەمسىددىن داموللام، مۇھەممەد سالىھلار ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئىشلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغىچە «قۇرئان كەرىم» دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 70 خىل يېزىقتا تەرجىمە قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن قول يازما نۇسخىلىرى ساقلاندى.

«ھەدىس»

بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «يېڭى»، «سۆز»، «بايان قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى رىۋايەت قىلىش ۋە ئۇنى توپلاش ئارقىلىق شەكىللەنگەن كىتاب يەنى «ھەدىس شېرىپ» كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىنى تەبلىغ قىلىش داۋامىدا، ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ـــ «قۇرئان كەرىم»نى تەرغىب قىلغاندىن باشقا، ئاشكارا ۋەھىيگە مەنسۇپ بولمىغان سۆزلەرنى بايان قىلغان. ھەتتا ساھابىلار ئۇنىڭ ھەر خىل يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، پائالىيەتلىرى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ۋە سۈكۈتلىرىنى رىۋايەت قىلغان. ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن بۇ سۆز - ھەرىكەتلەرنى كېيىنكى مۇفەسسىرلەر توپلاپ، بېكىتىپ، ھەدىسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلدى. «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا ھەدىس ئىككىنچى ئورۇندىكى كىتاب بولۇپ، ئەھكام چىقىرىش ۋە دىنىي ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ مەنىسى ئىنتايىن كەڭ. لېكىن، مەزھەپلەر ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ئارا پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئىلىم - ئىلمىي ھەدىس ئىسلام دىنىدىكى شۆبە ئىلىملەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى

### «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە تولۇق تەرجىمە قىلىنغان كۆپ خىل ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تارقىتىلغان. 1910 ـ يىلى يۈسۈپ داموللا چۆچەكتە روزىئاخۇننىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ قىسمەن تەپسىرىنى ئىشلەپ، «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» دەپ ئاتىغان. 1954 ـــ 1955 ـ يىللىرى داموللا مۇھەممەد زىرىپ قارىي ھاجى ئىشلىگەن «قۇرئان كەرىم تەپسىرى»مۇ ئىلىدا

تاماملانغان. 1961 - يىلى غۇلجىلىق ھاجى ئابدۇللا شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىغا ھەدىيە قىلغان «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دېگەن كىتاب ئۇنىڭ ئاتىسى داموللا سابىت تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىدى. بۇلاردىن باشقا، داموللا شەمسىددىننىڭ «قۇرئان كەرىم تەپسىرى»مۇ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلى داموللا مۇھەممەد سالىھ ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە «قۇرئان كەرىم» نى قولدىن چىقاردى. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئۇيغۇرچە بىلەن ئەرەبچىنى سېلىشتۇرۇش، ئۇيغۇرچە ئىزاھ بېرىش شەكلىدە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ نۇسخىنى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھىنىڭ نامىدىكى فەھدى پادىشاھ قۇرئان باسما زاۋۇتىمۇ نەشر قىلدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ قازاقچە تەرجىمىسى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەبچىدىن قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنغان كۆپ خىل نۇسخىسى بار. 1990 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى جۇڭگولۇق مەشھۇر قازاق ئالىم، دىنىي زات خەزىز ئەخەت ئىنىسى مۇقاش ئەخەت بىلەن بىرلىكتە ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كۆڭۈل قويۇپ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نى نەشر قىلغانىدى، ئۇنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولدى.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ قىرغىزچە نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىندى.

«سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى

مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە 1929 - يىلى نەشر قىلىنغان، مىسىر پادىشاھ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە تاللاپ تۈزگەن «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» دېگەن كىتابنىڭ ئۈچىنچى نەشرىگە ئاساسەن داموللا مۇھەممەد سالىھ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدى، بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى 10 - ئايدا نەشر قىلىندى ۋە كەينى - كەينىدىن كۆپ قېتىم بېسىپ تارقىتىلدى.

# 6. ئىسلام دىنىدىكى كالېندار ۋە بايراملار

## ھىجرىيە (ئىسلام يىلنامىسى)

ھىجرىيە ئىسلام مەملىكەتلىرى ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئورتاق ئىشلىتىدىغان دىنىي يىلنامە. بۇ، ئەرەبچە «ھىجرەت» (كۆچمەك، يۆتكەلمەك) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. 639 ـ يىلى ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئۆمەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 622 ـ يىلى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، شۇ يىلنى ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى يىلى، ئەرەبچە قەمەرىيە يىلنىڭ بېشىنى (مىلادىيە 622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) ئىسلام يىلنامىسى يەنى ھىجرىيەنىڭ 1 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. ئىسلام يىلنامىسى بويىچە ھەر يىلى رامىزان ئېيى (9 ـ ئاي) ئىسلام دىنىنىڭ روزا ئېيى قىلىپ بېكىتىلگەن، بۇ ئاينىڭ باشلىنىشى يېڭى ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ؛ زۇلھەججە ئېيى ( 12 ـ ئاي) نىڭ بىرىنچى دېكادىسى ھەج قىلىدىغان ۋاقىت؛ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى قۇربان ھېيت. بۇ يىلنامە يۇەن سۇلالىسى شىزۇنىڭ 1 ـ يىلىدىن يۇەن سۇلالىسىنىڭ 4 ـ يىلى (1267 ـ يىلى)غىچە ئىشلىتىلگەن. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى تا ھازىرغىچە روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ھېيت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتدا مۇشۇ يىلنامىنى ئاساس قىلىدۇ.

## مەۋلۇت بايرىمى

مەۋلۇت بايرىمى ئىسلام دىنىنىڭ بايرىمى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش كۈنى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەب قەمەرىيە كالېندارى بويىچە پىل يىلى (مىلادىيەنىڭ 571 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ياكى 12 ـ كۈنى تۇغۇلغانىكەن. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىراق پادىشاھى مۇزەففەر ئەبۇ سەئىد بۇيرۇق

چۈشۈرۈپ ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 3- ئاينىڭ 12- كۈنىنى مەۋلۇت بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۈننى تەبرىكلەش پائالىيىتى بارا - بارا باشقا ئىسلام ئەللىرىگىچە كېڭىيىپ، ھازىرغىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەر ھىجرىيە 11- يىلى (مىلادىيە 632- يىلى) 3- ئاينىڭ 12- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، تۇغۇلغان كۈنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. شۇڭا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەۋلۇت بايرىمىنىڭ مەۋلۇت كۈننى خاتىرىلەش ھەم پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرىلەشتەك قوش مەزمۇنى بار. شىنجاڭدا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئادەتتە مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاخۇنلار قۇرئان ۋە مەۋلۇت ئوقۇيدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى مەدھىيەلىنىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ياغ پۇرىتىپ، مەۋلۇت ئېشى ئېتىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ خاتىرىلەيدۇ.

### ئاشۇرا كۈنى

بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بايرىمى. «ئاشۇرا» ئەرەب تىلىدا «ئون» دېگەن مەنىدە. ئاشۇرا كۈنى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10- ئاينىڭ 10- كۈنى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ كۈن قەدىمكى زاماندىكى پەيغەمبەرلەر قۇتقۇزۇلغان كۈن ئىكەن. كېيىنكىلەر مۇشۇ كۈنگە ئېتىبار بىلەن قارىغان. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ بۇ كۈننى مېھمان چاقىرىپ خاتىرىلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، شىئە مەزھىپىدە ئاشۇرا كۈننى مۇسىبەت كۈنى دەپ قارايدۇ، ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى، تۆتىنچى خەلىپە ئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، شىئە مەزھىپىنىڭ ئۈچىنچى ئىمامى ھۈسەيىننىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، تەنتەنىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ.

### بارات كېچىسى

بارات كېچىسى ئىسلام دىنىنىڭ بايرىمى. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 8- ئاينىڭ 15- كۈنى كېچىسى. «بارات كېچىسى» نىڭ

مەنىسى «كەچۈرۈم قىلىش كېچىسى». مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇ كېچىسى ئاللا كەچۈرۈم، رەھىم - شەپقەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، بەندىلەرنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا، تۆھپە ۋە گۇناھلىرىغا باھا بېرىدىكەن. ياخشىلىرىنى بەختلىك قىلىپ، گۇناھ قىلغان بولسىمۇ تەۋۋا قىلغانلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىكەن. شۇڭا، بۇ كېچىنى گۇناھنى كەچۈرۈش كېچىسى، سەنسارەلىكتىن قۇتۇلۇش كېچىسى دەپمۇ ئاتايدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ كېچىسى قۇرئان ئوقۇش، ناماز ئوقۇش، سەدىقە بېرىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، ئاللانىڭ مېھىر - شەپقەت قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەيدۇ.

## 2. بۇددا دىنى

### 1. بۇددا دىنىدىكى مەزھەپلەر

**تىبەت بۇددا دىنى**

بۇددا دىنى شىزاڭغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، شىزاڭنىڭ ئەسلىدىكى قەدىمىي دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىشلار بولۇپ، مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ كېيىنكى ئەۋج ئېلىش مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بۇددا ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىپ، ئەسلىدىكى دىنىنىڭ بەزى ئىلاھ ۋە مۇراسىم قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر دىنىي مەزھەپ. ئۇ يەنە «شىزاڭ بۇددا دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە «لاما دىنى» دېيىلىدۇ. 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇددا دىنى شىزاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ دەۋر شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ «ئالدىنقى ئەۋج ئېلىش مەزگىلى» دېيىلىدۇ، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شىزاڭ ھاكىمىيىتى ئەسلىدىكى دىنىنى ھىمايە قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىتىلىشىنى مەنئى قىلدى، بۇ ئىش بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى، بۇ دەۋر

«دارمانى خاراب قىلىش مەزگىلى» دېيىلىدۇ. 10- ئەسىردىن 11- ئەسىرگىچە بۇددا دىنى شىزاڭدا گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، بۇ دەۋر شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ «كېيىنكى ئەۋج ئېلىش مەزگىلى» دېيىلىدۇ. تىبەت بۇددا دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى بار، ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىمۇ خېلى كۆپ. تىبەت بۇددا دىنى سەمبۇددە (بۇددا ئەقىدىسى) جەھەتتە ماھايانا بۇددىزمى بىلەن ھىنايانا بۇددىزمنى ماسلاشتۇرۇپ، ماھايانا بۇددىزمنى ئاساس قىلغان، ماھايانا بۇددىزمى ئاشكارىلىق ۋە خۇپىيانىلىككە ئىگە ھەمدە تانتراچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ ساگرام ۋە دىن ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى پۇختا؛ راگزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تىرى پىتاكا چاريا (ئۈچ ئاغىلىق نوم بىشكلەر) بار؛ مۇستەقىل ساگرام ئىگىلىكى بار؛ يولباشچىلىققا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۈچۈن بىر يۈرۈش گېگەن لامانىڭ دۇنيا تۇتۇش (قۇبلاي خان) تۈزۈمى تەسىس قىلىنغان. تىبەت بۇددا دىنىدا بىرقانچە مەزھەپلەر بار، دەسلەپكى مەزگىللەردە نىما مەزھىپى قاتارلىق مەزھەپلەر بولغان. 15- ئەسىرنىڭ بېشىدا زوڭكابا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گېلۇ مەزھىپىنى تەسىس قىلدى. گېلۇ مەزھىپى تېز تەرەققىي قىلىپ، شىزاڭنىڭ سىياسىي، دىنىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. تىبەت بۇددا دىنى دۆلەت ئىچىدە ئاساسەن شىزاڭ، چىڭخەي، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گەنسۇ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا، مەملىكەت سىرتىدا بۇتان، سىككىم، نېپال، موڭغۇلىيە ۋە رۇسىيەنىڭ بۇريات، قالماقىستان قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. ھازىر ئېقىمۋاتقىنى ئاساسەن گېلۇ مەزھىپى بولۇپ، ئاز ساندا باشقا مەزھەپلەردىكى ساگرام ۋە راھىبلارمۇ بار.

## 2. تىبەت بۇددا دىنى (لاما دىنى) دىكى ھەر خىل دىنىي ئېقىملار ۋە دىنىي ۋەزىپە ناملىرى

**نىما مەزھىپى**

نىما مەزھىپى ــ تىبەت بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى

مەزھىپى. 11 — 12 ـ ئەسىرلەردە شىزاڭ راھىبلىرى ئىچىدە سور جەمەتىدىن چىققان سور لاگىدەن ساجاشىڭ، سورجيۇڭ شىراۋ جابا، سورجيۇڭ جوپۇبا ۋە رۇلۇڭ چۆجى ساگبو قاتارلىق پەدما سەنباۋالارنى پىر تۇتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ شىزاڭغا كىرگەن ۋاقتىدىكى دۇئالىرى ۋە قىزىلما نوملىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلار بىر مەزھەپ بولۇپ ئۇيۇشقان. ئەينى ۋاقىتتا مەزھەپ نامى يوق ئىدى، پەقەت ئۇلارنىڭ تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئالدىنقى ئەۋج ئېلىش مەزگىلىدىكى دۇئالىرىغا ئەمەل قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقا مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى نىما مەزھىپى دەپ ئاتىغان. «نىما» دېگەن سۆزنىڭ «قەدىمىي»، «كونا» دېگەن مەنىسى بار. نىما مەزھىپىدىكىلەر دەسلەپتە تارقاق ھالەتتە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، چوڭ مەزھەپ بولۇپ شەكىللەنمىگەن؛ كېيىنچە 5 ـ ئەۋلاد دالاي لاما ئاۋاڭ دىيەنساڭ جاسونىڭ قوللىشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ زورايغان. نىما مەزھىپىدىكى راھىبلار قىزىل قالپاق كىيگەنلىكتىن «قىزىل دىندىكىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نىما مەزھىپىدىكىلەر تانتراچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، شاستىراچىلىققا سەل قارايدۇ، ئادەتتە راھىبلارنىڭ مۇنتىزىم نوم ئۆگىنىش تۈزۈمى يوق، ئۇلار ئەمگەكمۇ قىلىدۇ، ئۆيلىنىپ بالىچاقىلىق بولالايدۇ.

### گادام مەزھىپى

گادام مەزھىپى — تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. زاڭزۇ تىلىدا «گا»نىڭ مەنىسى «بۇددا (سانسكرىت) تىلى»، «دام»نىڭ مەنىسى «ئوقۇتقۇچى» ياكى «تەلىم بەرگۈچى» بولۇپ، «گادام» بارلىق بۇددا تىلى (ئاشكارا، خۇپىيانە دىنلارنىڭ نوم، ۋىناي، ئابىدارما قاتارلىق تىرى پىتاكالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) راھىبلىرىغا كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكەتتىن تارتىپ دارما تەلىمىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددالىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈچە بولغان پۈتۈن جەريانىدا يولىيورۇق كۆرسىتىپ يېتەكچىلىك قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھىندى راھىبى ئاتىشانىڭ تەشەببۇسى ئىدى، بىراق گادام مەزھىپىنىڭ پىركالانى راھىب ئاتىشانىڭ چوڭ شاگىرتى جۇڭدۇنبا (1005 — 1064 ـ يىللار) بولدى.

ئاتىشا شىزاڭغا كىرىپ دارمانى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «بودى يولى چىرىغى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئاشكارا ۋە خۇپىيانە ئەقىدىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇخالىپلىقى يوق نەزەرىيەسى ۋە رىيازەت چېكىپ ئىبادەت قىلىشتىكى رىئايە قىلىدىغان قائىدىلەرنىڭ دەرىجىسىنى شەرھلەپ، گادام مەزھىپىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئاساس تىكلەپ بەردى. جۇڭدۇنبا ئاتىشانى ئۇستاز تۇتۇپ، شاستراچىلىق ۋە تانتراچىلىقنىڭ ھەر خىل سەمبۇددەلىرىنى (بۇددا ئەقىدىلىرىنى) ئۆگەندى. ئاتىشا نىرۋانىلىققا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى جۇڭدۇنباغا ئەگىشىپ دارمانى ئۆگەندى. مىلادىيە 1056 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭدۇنبا تەكلىپ بىلەن داڭشيۇڭ رايونىنىڭ راجوڭ دېگەن يېرىگە بېرىپ دىن تارقىتىپ، راجوڭدا تۇپ بودگاھ قىلىش ئۈچۈن راجوڭ ساگرامىنى سالدۇرغان، كېيىن گادام مەزھىپى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. گادام مەزھىپى ئاشكارىلىق بىلەن خۇپىيانىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىدا پىراكارانا شاسانا شاسترانى، كېيىن پىراكارانا شاسانا تانترانى پەقەت ئاز ساندىكى سىناقلاردىن ئۆتكەن نېگىزى پۇختا ئادەملەرگىلا ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. 15 - ئەسىرنىڭ بېشىدا زوڭكابا گادام مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئاساسىدا گېلۇ مەزھىپىگە ئاساس سېلىپ، گادام مەزھىپىنىڭ ساگراملىرىنى گېلۇ مەزھىپىنىڭ ساگراملىرىغا ئۆزگەرتتى، گادام مەزھىپىدىكىلەر ئاستا - ئاستا گېلۇ مەزھىپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

### ساكيا مەزھىپى

ساكيا مەزھىپى — تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. 1073 - يىلى گوڭچوھ جەپو شىزاڭدا ساگرام سالغۇزۇپ دارمانى تەرەققىي قىلدۇردى. ساگرام ئاق توپا ئۈستىگە سېلىنغاچقا، زاڭزۇ تىلىدا ئاق توپىنى «ساكيا» دەيدۇ، شۇڭا بۇ ساگرامنى «ساكيا ساگرامى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ مەزھىپىمۇ «ساكيا مەزھىپى» دەپ ئاتالغان. مەزكۇر مەزھەپنىڭ ساگرام قورۇسىنىڭ قورۇق تېمىدا مەنچۇشرى بۇدساتۋا، ئاۋالوكىتىسۋارا بۇدساتۋا ۋە ۋاجرانى يەكسا بۇدساتۋالارنى بىلدۈرىدىغان قىزىل، ئاق، قارا ئۈچ خىل رەڭدە ئالا سىزىق سىزىلغان،

شۇڭا «ئالا دىندىكىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر مەزھەپنىڭ پىركالانلىقىنى گوڭچوھ جەپونىڭ جەمەتى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىگىلەپ، قانداشلىق، دارماداشلىق ئىككىسىگە تەڭ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. بۇ مەزھەپ تۆپلىنىشنى مەنئى قىلمىغاچقا، پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىنلا ئايالىغا يېقىنلىشىش چەكلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ساكيا مەزھىپىدىن بەش پېشۋا پاسبا يۈەن سۇلالىسى خاقانى قۇبلاي خان تەرىپىدىن پىرشاھ قىلىپ بېكىتىلگەندىن باشلاپ، ساكيا دارما خانلىرىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 14 كىشى پىرشاھ بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ساكيا مەزھىپى زەئىپلىشىپ، گاجۇ مەزھىپى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى، بىراق دىنىي جەھەتتە گادام مەزھىپىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بار. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ماھايانا دارما خانلىقىغا، ساۋاپلىق ئىش قىلغانلارنى مەدھىيەلىگۈچى خانلىققا، دىنىي ئىشلارغا ياردەمچى خانلىققا بېكىتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ساكيا مەزھىپىنىڭ دارما رەجەلىرى.

## گاجۇ مەزھىپى

گاجۇ مەزھىپى ــ تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. زاڭزۇ تىلىدا «گا»نىڭ مەنىسى «بۇددا (سانسكرىت) تىلى»، «جۇ» نىڭ مەنىسى «ۋارىسلىق قىلماق، ئەستە تۇتماق» بولۇپ، «گاجۇ» نىڭ مەنىسى «بۇددا نوملىرىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىشكە ۋارىسلىق قىلماق» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزھەپتىكىلەر ئەھمىيەت بېرىدىغان تانترا دارمانى ئۆگىنىش ئۇستازلىرىنىڭ ئاغزاكى يەتكۈزۈشى ئارقىلىق مىراس قالغان، شۇڭا «گاجۇ مەزھىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بۇ مەزھەپتىكى راھىبلار كىيىدىغان كۆڭلەك ئاق بولغاچقا «ئاق دىندىكىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## گېلۇ مەزھىپى

گېلۇ مەزھىپى ــ تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زوڭكابا گادام مەزھىپىنىڭ سەمبۇددەسى

ئاسىدا تىبەت بۇددا دىنىنى رەتكە سېلىپ ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن تەسىس قىلغان مەزھەپ، شۇڭا «يېڭى گادام مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە زوڭكابا گاردەن ساگرامىنى سالدۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزاق ۋاقىت مۇشۇ ساگرامدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەزھەپنى «گاردەن مەزھىپى» دەپمۇ ئاتايدۇ. گاردەن دېگەن سۆزنى زاگىزۇ يېزىقىدا «جىيالۇ» دەپ ئوقۇش ئادەت بولۇپ قالغان. ئادەتتىكى كىشىلەر «گېلۇ» دېيىشنى ئادەت قىلىۋالغان بولغاچقا، «گېلۇ مەزھىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر مەزھەپنىكى راھىبلار سېرىق قالپاق كىيىۋالىدۇ، شۇڭا «سېرىق قالپاقلىقلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە «سېرىق دىندىكىلەر» دەپ خاتىرىلەنگەن. گېلۇ مەزھىپى راھىبلارنىڭ شىلا ۋىنايا (ئەمرىمەرۇپ) قا قاتتىق ئەمەل قىلىشىنى، خوتۇن ئالماي بويتاق ئۆتۈشىنى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشىنى، ساگرام تەشكىلىگە ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىشىنى تەكىتلەيدۇ؛ شاسترا بىلەن تانترانى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالدىدا پىراكارانا شاسانا شاسترانى، كېيىن پىراكارانا شاسانا تانترانى ئۆگىنىشنى، شاسترا بىلەن تانترانى بىرلىكتە ئۆگىنىشنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى ياخشى بىلىشنى تەكىتلەيدۇ. 1543 - يىلى گېلۇ مەزھىپىدىكىلەر گېگەننىڭ دۇنيا تۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دالاي، بەنچەن لامالارنىڭ دۇنيا تۇتۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزدى. 17 - ئەسىرنىڭ بېشىدا گېلۇ مەزھىپى موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسىگە سىڭىپ كىردى. 1640 - يىلى بېكىتىلگەن «موڭغۇل - ئويرات قانۇنلىرى قامۇسى» نىڭ كىرىش سۆزىدە زوڭكابا، دالاي لاما، بەنچەنگە چوقۇنىدىغان سۆزلەر يېزىلغان. ئۇنىڭ 5 -، 9 -، 16 -، 17 -، 18 -، 19 - ماددىلىرىدا راھىبلارنى قوغداش ۋە راھىبلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن شىلا ۋىنايا (ئەمرىمەرۇپ) نى بۇزۇشىنى ۋە كونا ئۆرپ - ئادەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا مەزمۇنلار بار. شۇنىڭدىن باشلاپ، گېلۇ مەزھىپى ئويرات موڭغۇللىرى ئىچىدە تارقىلىپ، قانۇننىڭ قوغدىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭ كەينىدىنلا، زانىياباندىدا قاتارلىق

كىشىلەرنىڭ تەرغىباتى بىلەن گېلۇ مەزھىپى ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغىچە تېز سىڭىپ كىردى.

## لاما

لاما — تىبەت بۇددا دىنىدا ئابرۇيلۇق، ئوقۇمۇشلۇق، بىرقەدەر چوڭقۇر تەربىيە كۆرگەن، كىشىلەرگە ئۈلگە بولالايدىغان، باشقىلارغا دىنىي تەلىم بېرەلەيدىغان راھىبلارنىڭ ھۆرمەتلەپ ئاتىلىشى، زاڭزۇ تىلىدا «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە. تىبەت بۇددا دىنىدا تۆتكە ئېتىقاد قىلىشنى يەنى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىش، دارماغا ئېتىقاد قىلىش، سامغاغا ئېتىقاد قىلىشتىن باشقا، يەنە لاماغا ئېتىقاد قىلىشنى تەكىتلەيدۇ، ئادەتتىكى راھىبلار لاما (جابا) بولالايدۇ.

ئۈچىنچى باب

# ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە قەشقەرگە تارقىلىشى

### 1) ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى

ئىسلام دىنى جۇڭگودا ئىلگىرى «ئەرەب دىنى»، «خۇدا دىنى»، «مۇسۇلمان دىنى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇنى مىلادىيە 7- ئەسىردە مەككىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى مۇھەممەد ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بەرپا قىلغان. ئۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تازا تەكشى ئەمەس ئىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپى «ئەرەب گۈلىستانى» دەپ نام ئالغان يەمەن رايونى ئىدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتى قۇرۇلغان بولۇپ، باشقا رايونلار بولسا تېخى ئىپتىدائىي جەمئىيەت پارچىلىنىۋاتقان باسقۇچتا ئىدى. سىنىپىي زىددىيەت ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈر، جەمئىيەت ئىنتايىن تۇراقسىز ئىدى. ھېجاز رايونىدىكى مەككە ئەينى چاغدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەر خىل زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە كەسكىن رايون ئىدى. مەككە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەنە يەمەن بىلەن سۈرىيە ئوتتۇرىسىدا بېرىپ كېلىپ تۇرىدىغان كارۋانلار چۈشىدىغان بىر ئۆتەڭ ئىدى. ھەرقايسى قەبىلىلەر چوقۇنىدىغان كەبە ئىبادەتخانىسى ئۇ يەرنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دىنىي مەركىزى ۋە مۇقەددەس جايىغا ئايلاندۇرۇپ

قويدى. مەككىدىكى ئاقسۆڭەكلەر بۇ قولايلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ زور مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ئۇلار نۇرغۇن يەر، يايلاق، چارۋا، كارۋان ۋە قۇللارنى ئىگىلىۋېلىپ، سودا ۋە قۇل سودىسى قىلىپ كۆپ پايدا ئالدى؛ يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىش ئارقىلىق قەبىلە ئەزالىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، قەبىلە ئەزالىرى كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ ۋەيران بولدى ياكى قەرزدار قۇل بولۇپ قالدى؛ ئۇلار ياشاش ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. نەتىجىدە مەككىدە داۋالغۇش ۋەزىيىتى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئۇرۇش ئازاب - ئوقۇبىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلدى. ۋىزانتىيە بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيەسى يەمەن بىلەن سودا يوللىرىنى تالىشىش ئۈچۈن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۈگىمەس جەڭلەرنى باشلىۋەتتى. يىل بويى توختىمىغان جەڭ يەمەننى ئاساسەن خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەرەبىستاننىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى بولغان سودا يوللىرىمۇ ئىلاجسىز تاشلىنىپ قالدى. سودا يوللىرىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى سودا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىرىمىنى بىردىنلا ئازايتىۋەتتى، زور تۈركۈمدىكى چوڭ - كىچىك سودىگەرلەر ۋەيران بولدى. تۆۋەن قاتلامدىكى ئاۋام خەلق، بولۇپمۇ كارۋانغا تايىنىپ جان باقىدىغان تۆگىچىلەر، يۈك باسقۇچىلار ۋە قوروقچىلار تۇرمۇش كىرىمىدىن تېخىمۇ ئايرىلىپ قالدى؛ مەككە ئىنتايىن ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسقا پېتىپ قالدى.

ھەممە تەرەپ خەۋپ ئاستىدا قالغان ۋەزىيەت ئالدىدا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى سىنىپ ۋە قاتلاملار خەۋپتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يول — ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، قۇدرەتلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى تىكلەش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. مانا بۇ ئەرەبلەرنىڭ بىردەك ئارزۇسى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى تارىخىي مۇساپىسىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئىدى. جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى بولغان دىن ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەك ئىدى. ئەينى چاغدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۆپ خىل دىنلار تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ھەممىدىن كەڭ تارقالغىنى ئىپتىدائىي

مەۋجۇتلۇق بىلەن مۇشرىكىزم ئىدى، بۇ خىل دىنلار ئەلۋەتتە بىرلىككە كېلىشنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن قوللۇق تۈزۈم ئىقتىسادى ئاساسى بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىش تەلىپىگە ماسلاشقان بىر خۇدالىق دىن — ئىسلام دىنى دەل مۇشۇنداق شارائىتتا پەيدا بولدى.

ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ مەككىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى بىر ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىككىدىنلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان بولۇپ، نامراتچىلىقتا چوڭ بولغان، يىگىت بولۇپ يېتىلگەندە كىشىلەرگە ئەگىشىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان، كارۋان مۇھاپىزەتچىسى بولغان. ئۇزاق مۇددەتلىك سودا سەپىرى تىرىكچىلىكىدە، ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھەمدە سۈرىيە، مىسىر ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى جايلارغا بېرىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىگەن؛ جايلاردا تارقالغان ئىپتىدائىي دىنلاردىن خرىستىيان دىنى، يەھۇدىي دىنى قاتارلىق دىنلار بىلەن پىششىق تونۇشقان ھەم ئۆزىنىڭ سىياسىي تەجرىبىسى، ئىجتىمائىي تەجرىبىسى ۋە دىنىي بىلىملىرىنىمۇ بېيىتىپ، كېيىنكى دىن ئىجاد قىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 ياشقا كىرگەندە، مەككىدىكى باي تۇل ئايال خەدىچە بىلەن توي قىلىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماي، دىققىتىنى يېڭى دىن يارىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىش ۋە تەتقىق قىلىپ ئارقىلىق ئۇ ئىپتىدائىي دىن، خرىستىيان دىنى، يەھۇدىي دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە مەزمۇنىنى ھەمدە ئەينى چاغدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقالغان ھەنىفىيە دىنىنىڭ بىر خۇدالىق ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىيە 610 - يىلى يېڭى دىن ياراتقان. ئۇ ئۆزى ياراتقان دىنىنى «ئىسلام» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىتائەت قىلىش» دېگەنلىك بولاتتى؛ ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنى «مۇسۇلمان» دەپ

ئاتىغان، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىتائەتمەنلەر» دېگەنلىك بولاتتى. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسى ئەسلىدە ئېتىقاد قىلغان كۆپ خۇدالىق دىنىنىڭ ئاساسلىق خۇداسى «ئاللا» نى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر خۇداسى قىلغان ھەمدە ئۆزىنى ئاللانىڭ بۇ دۇنياغا ئەۋەتكەن ئاخىرقى «ئەلچىسى» دەپ جاكارلىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى يارىتىش، تارقىتىش مەزگىلىدە، يېڭى دىن ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىشتىن باشقا، تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جازانىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەككىدىكى تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ كۆپلىگەن قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. لېكىن، ئىسلام دىنى مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي مەنپەئەتىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن. ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەككە ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن 622- يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى باشلاپ مەدىنىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە يىلنامىسى باشلانغان ۋاقىتتىكى كۆچۈش بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تارىختىكى بىرىنچى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئۇممەنى قۇردى، ئۆزى سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يولباشچىسى بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرغان مەزگىلدە، دىن تارقىتىشنىڭ مەزمۇنىنى مەككىدىكى چاغلىرىدىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلىكتە مەككە

ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ھەربىي كۆرەش قىلدى. مىلادىيە 630 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىنى ئىگىلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاساسەن بىرلىككە كەلگەنىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا گەرچە بىرلىككە كېلىش ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخى تۈپتىن ھەل بولمىغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۆشرە - زاكات تۈزۈمىگە قارشى چارۋىچىلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش، خەۋپنى سىرتقا ئىتتىرىش ئۈچۈن، ئەرەب ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى چارۋىچىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، دەرھال «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، سىرتقا قارىتا ھەربىي ئىستېلاسىنى باشلىدى. ئىقتىسادىي مەنپەئەت، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىكى كەڭ زېمىنلارنى بېسىۋېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئەرەب ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. ئىسلام دىنىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي كۈچى ئارقىلىق بويسۇندۇرۇلغان رايونلارغا تارقىلىپ كىردى.

### 2) ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشى

ئىسلام دىنى تەخمىنەن مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، دۆلىتىمىز تارىخىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن بەش دەۋرگىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، تارقىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قارىغاندا ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت كېيىن. بۇ ئەھۋال ئىلگىرى بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئالدى بىلەن شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئاندىن داۋاملىق شەرققە قاراپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرىش ئەھۋالى بىلەن خېلىلا ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق

بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە قوراللىق كۈچكە تايىنىپ تارقالغان دىن داۋاملىق شەرققە تارقىلالمىغان، كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك فېئوداللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىسلام ھاكىمىيىتى— سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاراتقان قوراللىق كۈچ ئارقىلىق دىن تارقىتىش ھەرىكىتى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىش مۇساپىسىنى يەنە كېچىكتۈرۈۋەتكەن.

سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ غەربىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلغان ئىككى قوشنا يەرلىك ھاكىمىيەت ئىدى. دەسلەپتە بۇ ئىككى ھاكىمىيەت بىرقەدەر دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان، لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە «غازات» ئېلان قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇناسىۋەتتى پەيدىنپەي يامانلىشىپ كەتكەن. مىلادىيە 893- يىلى سامانىيلار سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇمچە پايتەختى تالاس شەھىرى (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرى) گە ھۇجۇم قىلىپ، كىچىك خاقانى ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ ئايالى بىلەن 15 مىڭ لەشكىرىنى ئەسىرگە ئالغان ھەمدە 10 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇ جايدىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ چېركاۋىنى ئىسلام دىنى جامەسىگە ئۆزگەرتكەن. ئوغۇلچاق قادىرخان قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن ھەمدە بۇ شەھەرنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتكەن.

ئوغۇلچاق قادىرخان تالاس جېڭىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولغان. ئۇ سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىچكى ماجىرادا مەغلۇپ بولۇپ پاناھ ئىزلەپ چىققان سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ناسىر بىن مەنسۇر (خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە ئەبۇ ناسىر سامانىي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا باشپاناھ بولغان

ھەمدە ئۇنى ئاتۇشنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. ناسىر ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سۇتۇق بۇغراخانغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. سۇتۇق ناسىر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئىسلام دىنىغا ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئىسلام دىنى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىگە «ئابدۇلكەرىم» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلەرگە ئىسلام دىنىغا كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە پائال تۈردە مەخپىي ھالدا خان جەمەتى ئەزالىرى ئىچىدە، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە مۇخلىسلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ. ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، سۇتۇق ئۇزاق يىل مەخپىي ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق 25 ياشقا تولغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىغا «300 قەشقەرلىك چەۋەنداز يىغىلىدۇ». ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئاتۇشنى ئىشغال قىلىپ، ئادەم سانى 3000 غا يېتىدۇ ھەمدە قەشقەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ خاننى مەغلۇپ قىلىدۇ. سۇتۇق ئاخىر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئاتايدۇ ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، دەرھال ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قانۇنلۇق دىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ ھەمدە كىشىلەرنى كونا دىنىنى تاشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە، ئەينى چاغدا ئېقىۋاتقان ئاساسلىق دىن بۇددا دىنى ئىدى. ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى، نېستورى دىنى، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا تېخىمۇ تېزرەك ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سۇتۇق بۇغراخان قاتتىق قوللۇق ۋاستىسىنى قوللىنىش بىلەن تەڭ يەنە تەشۋىقات ھۇجۇمىنى باشلىۋېتىدۇ. ئەمما، سۇتۇق بۇغراخان پۈتۈن ئۆمرىدە ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى

ئىچىدە يولغا قويۇپ كېتەلمەيدۇ. 955- يىلى سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتىدۇ ۋە ئاتۇشقا دەپنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى

**1) مۇسا ئارسلانخاننىڭ ئىسلاملىششنى يولغا قويۇشى**

سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا تەختكە چىقىدۇ. مۇسا تەختكە چىقىش بىلەنلا قاتمۇقات قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. سامانىيلار سۇلالىسى سۇتۇق بۇغراخان بىلەن تالاسنى تالىشىش جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ۋاقىت قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارىتا يېڭى ئۇرۇش قوزغاش نىيىتىدە بولىدۇ. ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قىيىنچىلىققا بوغۇلۇش ۋەزىيىتىدە، مۇسا ئالدى بىلەن ئىچكى قىسمىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاندىن سىرتقا تاقابىل تۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن چوڭ خاقانغا قارىتا «غازات» قوزغاپ، بالاساغۇننى بىراقلا ئىشغال قىلىپ چوڭ خاقانى يوقىتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇسا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خاقانى يەنى ئارسلانخان بولىدۇ. خانىدانلىقنىڭ ھاكىمىيەت نەسەبى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇتۇق بۇغراخان جەمەتىگە ئۆزگىرىدۇ. مۇسا ئارسلانخان بالاساغۇننى قوشۇمچە پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسى سۇلايماننى كىچىك خاقان قىلىپ تەيىنلەپ، بالاساغۇننى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۆزى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، بۇ شەھەرنى رەسمىي پايتەخت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزىگە ئايلىنىدۇ.

مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىي يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ياردىمى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئىسلاملىشىش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. دىن تارقىتىشقا قىزىقىدىغان سوپىزمچىلار بۇ بىر مەيدان ھەرىكەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كارامەت ئىسىملىك بىر سوپىزمچى دىن تارقاتقۇچى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەشاپۇر دېگەن جايدىن قەشقەرگە كېلىپ، مۇسا ئارسلانخاننىڭ دىنىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ، دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئەرەب تارىخشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، مىلادىيە 960 - يىلى 200 مىڭ چېدىرلىق تۈرك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىكەن. ئەگەر ھەربىر چېدىردىكى ئادەمنى ئۈچتىن تۆتكىچە دەپ ھېسابلىغاندا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈركلەرنىڭ سانى 600 مىڭدىن 800 مىڭغىچە يېتىدىكەن. دېمەك، ئەينى زاماندا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان تۈركلەر ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق دىنىغا ئايلانغان. شۇ يىلى مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق دىنى دەپ جاكارلىغان. نەتىجىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيىتى بولۇپ قالغان.

**2) قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇن خانلىقىغا قوزغىغان دىنىي ئۇرۇشى**

مۇسا ئارسلانخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئەينى چاغدا سامانىيلار سۇلالىسىدە ئىچكى توقۇنۇش توختىماي يۈز بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۈچى خېلىلا ئاجىزلاپ قالغانىدى، بالاساغۇندىكى كىچىك خاقان سۇلايمانمۇ بۇ كونا رەقىبىگە تەڭ كېلەلەيتتى؛ سامانىيلار سۇلالىسى ئۇنىڭغا تەھدىت سالالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سامانىيلار سۇلالىسى ئىسلام ھاكىمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارىتا «غازات» دېگەن شوئار باھانە بولالمايتتى، مۇسۇلمان لەشكەرلىرىنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىنى قوزغاشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. بۇ ھال جەڭدە قارشى تەرەپنى يېڭىشكە پايدىسىز ئىدى. مۇسا ئارسلانخان ئۇدۇن بۇددا خانلىقىنى

بويسۇندۇرۇشنى قارار قىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇدۇندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقىنى لى جەمەتى ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇن لى جەمەتى خاندانلىقىغا قارىتا قوزغىغان بۇ بىر مەيدان دىنىي ئۇرۇشنىڭ پارتلىغان ۋاقتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيە 962 - يىلىدىن كېيىن يەنى مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان چاغدىن ئىككى يىل كېيىن بولسا كېرەك. جەڭنىڭ دەسلەپىدە ئۇدۇن خانلىقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. سەككىز يىل جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئۇدۇن قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلدى، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر شەپىنى ئاڭلاپلا باش ئەگدى. مۇسا ئارسلانخان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ «قىممەتلىك نەرسىلىرى، خانىشى، پىلى، ئېتى ۋە باشقا نەرسىلىرى بىلەن قول ئاستىدىكى ھەممە مۈلكى» ئۇدۇن قوشۇنىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى.

قەشقەردىكى جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل جەريانىدا، ئۇرۇش تىركىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئىككى تەرەپ بەزىدە ھۇجۇم قىلىشىپ، بەزىدە توختاپ قالدى، كىچىك تىپتىكى جەڭلەر پات - پات بولۇپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى، مۇسا ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتتى. مىلادىيە 998 - يىلى 30 مىڭ كىشىلىك ئۇدۇن قوشۇنى قەشقەر شەھىرىگە قايتا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ شەھەرنى ئۇزاق ۋاقىت قورشىۋالدى. ئۇ چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خاقانى مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان ئىدى. ئۇزاق ۋاقىتلىق قورشاۋدا قېلىش نەتىجىسىدە، شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى، خەلق ئىرادە جەھەتتىن تەۋرىنىپ قالدى. ئەلى ئارسلانخان نائىلاج شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلدى، نەتىجىدە ئۇدۇن قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگراسىدىكى يېڭىسار ئەتراپىغا چېكىندى. ئەلى ئارسلانخان لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەينىدىن قوغلىدى، ئىككى تەرەپ قوشۇنى بۇ جايدا تىركىشىپ تۇردى. ھىجرىيە 388 - يىلى (مىلادىيە 998 - يىلى) 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئىككى تەرەپ

ئـوردا خـان دېـگەن جايـدا قـاتتىق جەڭ قىلـدى. ئـۇدۇن قوشـۇنى قاراخـانىيلار سۇلالىـسىنىڭ لەشـكەرلىرى نامـاز ئوقۇۋاتقانـدا ئۇشـتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاچقا، قاراخـانىيلار سۇلالىـسىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، نۇرغۇن لەشـكەر جەڭـدە قۇربـان بولـدى، ئەلـى ئارسـلانخانمۇ جەڭـدە قۇربـان بولـدى. كېيىن مۇسـۇلمانلار ئـۇ قۇربـان بولغـان يەردە ئۇنىـڭ ئۇچـۇن قەبـرە ياسـىدى. «ئـوردام مـازىرى» دېـگەن بـۇ قەبرىـستانلىق ھازىرمۇ ساقلانماقتا.

ئەلى ئارسلانخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىـڭ چوڭ ئوغلى ئەھـمەد توغانخان تەختكە چىقتى. ئەھمەد توغانخـان ھـاكىمىيەت يۈرگۈزگەنـدىن كېيىن، داۋاملىق ئـۇدۇن خـانلىقى بىـلەن جەڭ قىلـدى. ئارىـدىن ئـۇزاق ئۆتمەي، ئەھمەد توغانخان ئاتالىسىز جىيەن ئىنىسى يۈسۈپ قادىرخـاننى ئوتتۇرا ئاسـىياغا كىچىـك خاقانـدىن يـاردەم سوراشـقا ئەۋەتتـى. كىچىـك خاقـان تـۆت نەپەر ئىمـام باشـلىغان 40 مىـڭ كىـشىلىك بىـر قوشـۇننى ئەۋەتتـى. بـۇ قوشـۇن يۈسـۈپ قادىرخانغـا ئەگىـشىپ قەشـقەرگە قـاراپ جىددىي يۈرۈش قىلدى. بۇ قوشۇننىڭ قوشۇلۇشـى بىـلەن، قاراخـانىيلار سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى؛ ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش خاراكتېرلىـك ئـۆزگىرىش بولـدى. جەڭ قىلىـپ ھېرىـپ - چارچـاپ كەتـكەن ئـۇدۇن قوشـۇنى بـارا - بـارا چىداشـلىق بېرەلمەي كەيـنىگە چېكىنىـشكە باشـلىدى. نەتىجىـدە قاراخـانىيلار سۇلالىـسى قەشـقەرنى قايتۇرۇۋالدى. يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرگە كىرگەنـدىن كېيىن 20 مىـڭ مۇسۇلمان لەشكەر توپلىدى، ئەسلىدىكى قوشـۇننى قوشقاندا 140 مىـڭ كىشىلىك بىر چوڭ قوشۇن بولـدى. قاراخـانىيلار سۇلالىـسىنىڭ قوشـۇنى تەييارلىق كۆرۈپ خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلـدى. قاغىلىقنىـڭ قـوم راۋات دېگەن يېرىدە ئىككى قوشۇن كەسكىن جەڭ قىلدى. ئوتتۇرا ئاسـىيادىن كەلگەن تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان مۆيـدىن ئىـسىملىك ئىمام جەڭـدە قۇربان بولدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئېغىر بەدەل تۆلەپ، ئاخىر ئـۇدۇن قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. 1006 - يىلـى قاراخـانىيلار سۇلالـسى قوشـۇنى خوتەن شـەھىرىنى ئىـشغال قىلىـپ، خوتەنـنىـڭ لـى جەمەتـى خانىدانلىقىنى يوقاتتى.

ئىسلام دىنى قوراللىق كۈچكە تايىنىپ يەنى «غازات» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرىپ، بۇددا دىنىنىڭ بۇ جايدىكى 1000 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن بۇددا دىنىغا بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق قاقشاتقۇچ زەربىسىدۇر. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئاساسەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەرب ۋە جەنۇبىدىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى رايونى ئىسلام دىنى رايونىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا داۋاملىق تارقىلىدىغان مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

### 3) قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قىلغان «غازات»لىرى

خوتەن ئۇرۇشى تېخى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا زور ھەربىي غەلىبىگە ئېرىشتى. 999- يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى سامانىيلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلدى. مانا بۇ ئۇدۇن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇپلا قالماستىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى «غازات» نىڭ نىشانىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قارشىلىغان دىنىي ئۇرۇشنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خاقانى ئەھمەد توغانخان تەشكىللىگەن ۋە قوزغىغان. ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ بالاساغۇندىن چىقىپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۇرگەن. 1017- يىلى 300 مىڭ كىشىلىك ئىدىقۇت قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ قەشقەرگىچە بارغان ھەمدە بالاساغۇنغا سەككىز كۈنلۈك يول قالغان يەرگىچە قوغلاپ كەلگەن. كېسەل ياتقان ئەھمەد توغانخان كېسىلىگە قارىماي ئەسكەر تەشكىللەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن ھەمدە ئىدىقۇت قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

## 4) غەربىي لياۋ ۋە موڭغۇللارنىڭ دىنىي كەڭچىلىك سىياسىتى

غەربىي لياۋ سۇلالىسى 12 — 13 ـ ئەسىردە ئېلىمىزدىكى كىدان (قىتان) مىللىتى غەربىي يۇرتتا قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زور قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇنىڭ قارام ئەللىرى ئىدى. غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلار كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ دىنلىق رايون ئىدى. بۇ رايوندا كىدان مىللىتىدىن باشقا يەنە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، تاجىك، سوغد، تۇبۇت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بەزى قەبىلىلەر، يەنە پارسلار، ئەرەبلەر، سۇرىيەلىكلەر، يەھۇدىيلار ياشايتتى؛ دىنلاردىن ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، مانى دىنى، نېستورى دىنى، داۋجياۋ دىنى، شامان دىنى، يەھۇدىي دىنى قاتارلىق دىنلار بار ئىدى. ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئىككى دىن ئىدى. ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسەن مۇنداق ئىدى: ئىسلام دىنى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئاساسەن ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بىلەن شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان تاجىك، سوغد قاتارلىق مىللەتلەر ئىدى، يەنە يەھۇدىيلاردىن باشقا غەربىي ئاسىيالىقلارمۇ بار ئىدى. بۇددا دىنى ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي رايونىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردىن ئاساسەن خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار، كىدانلار، تۇبۇتلەر بار ئىدى. نېستورى دىنى، داۋجياۋ دىنى، شامان دىنى قاتارلىق باشقا دىنلار يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى تارقالغان رايونلار ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارقالغان بولۇپ، كۆپ خىل دىنلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇرەككەپ ۋەزىيەت

شەكىللەنگەن. غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل مۇرەككەپ دىنىي ئەھۋالغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى بېكىتىپ چىققان. ئۇلار «ئۆز مىللىتىنىڭ باشقا دىنىي ئېتىقادتىكىلەرگە كەڭ قورساق بولۇش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ»، ئۇلارنى ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددا دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويمىدى، بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى دەپمۇ بېكىتىۋالمىدى، بەلكى ھەر خىل دىنلارغا ئوخشاش قاراش، كەمسىتمەسلىكتەك دىنىي كەڭچىلىك سىياسىتىنى قوللاندى. غەربىي لياۋنىڭ دىنىي سىياسىتى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، ئەينى چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بەلگىلەنگەنىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە شىنجاڭنىڭ غەربىي، جەنۇبىي رايونىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن شۇ جايدا قۇرۇلغان ئىسلام دىنىدا بولمىغان ھاكىمىيەت بولۇپ، مۇشۇنداق بىر ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى رايونىدا ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ياكى قىلالماسلىق غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە ھۆكۈمرانلىقنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە ئىدى. دىنىي كەڭچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇش، بارلىق دىنلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىماستىن، ئۇلارنى باراۋەر ئورۇن ۋە ھوقۇققا ئىگە قىلىش، دۆلەت دىنى تەسىس قىلماسلىق، ھېچقانداق دىننىڭ «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەپ ئالدىغا چىقىۋېلىشىغا يول قويماسلىق ئەلۋەتتە ھەر خىل دىنلارنىڭ مۇخلىسلىرىنى رازى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق قىلغاندا يەنە ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئىلگىرىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورنىدىن مەھرۇم قېلىشىدىن ھەمدە ئىسلام دىنى يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى، ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەمدە ئاھالىلەر سانىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئىگىلىگەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، غەربىي لياۋنىڭ كۆرەگانى

(خاننىڭ كۈيئوغلى) كۈچلۈك غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى باشلىغاندىلا، ئىسلام دىنىغا قارىتا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنى تاشلاپ بۇددا دىنىغا ياكى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى. موڭغۇللار قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، مۇسۇلمانلار تىغ كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ، موڭغۇللار قوشۇنىغا ماسلىشىپ ئۇنىڭغا كۈچلۈك زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى تېزلا مۇنقەرز بولدى.

موڭغۇللار غەربىي لياۋنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان بارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆرمەت قىلىش، ھېچقايسىسىغا بىر تەرەپلىمە يان باسماسلىق، ھەر خىل دىنلارنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. چىڭگىزخان غەربىي يۇرتتىكى چېغىدىلا، ھەرقايسى دىنلارنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىنى چاقىرتىپ، ئۆز دىنلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى سۆزلەتكۈزگەن. ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ دىنىي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز بەلگىلىمىسىنى موڭغۇل قانۇنىغا كىرگۈزگەندى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ بۇ سىياسىتى قانۇنىي بۇيرۇق قاتارىدا بىرقەدەر ياخشى ئىجرا قىلىندى. بۇ سىياسەتكە خىلاپلىق قىلغان ھەرىكەتلەرگە قارىتا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن، جۈملىدىن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە خان جەمەتى ئەزالىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1252- يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدىقۇت سالىندى بالابىتىكچى قاتارلىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ناماز ئۆتىگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ بېشبالىقتىكى مۇسۇلمانلارنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بۇلىماقچى بولغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئالاقزادىلىك پەيدا بولغان. بېشبالىقتىكى موڭغۇل

داروغاچى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال خان ئوردىسىغا مەلۇم قىلغان. بۇ دەۋانى خان شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلغان. ھەقىقىي پاكىتلار ئېنىقلانغاندىن كېيىن، سالىندىنى بېشبالىققا يالاپ كېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جازالانغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇشۇنداق قەتئىي پوزىتسىيەسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر خىل دىنلارنىڭ تىنچ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ھىمايىگە ئېرىشكەن.

### 5) ئىسلام دىنىنىڭ ماسلىششچان ھالدا ئۆزگىرىشى

غەربىي لياۋ بىلەن موڭغۇللارنىڭ يولغا قويغان دىنىي كەڭچىلىك سىياستى ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەركىن تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن باراۋەر ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ خىل دىنلار تەڭ ساقلىنىپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كېڭەيدى. بۇددا دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق باشقا دىنلار ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى رايونلىرىغا تەرەققىي قىلغان چاغدا، ئىسلام دىنىمۇ دىنىي كەڭچىلىك سىياستىدىن پايدىلىنىپ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى رايونلىرىغا تارقالدى. 11- ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قوراللىق كۈچ ئارقىلىق دىن تارقىتىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى قايتا كېڭىيەلمىگەنىدى؛ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى خانلىق چېگراسى ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئېيتقاندا بېسىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى. مىلادىيە 13- ئەسىردىن ئىلگىرى، ئىسلام دىنى كۇچا، باي لىنىيەسىدىن زادىلا ئۆتەلمىگەنىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىسلام دىنى يۇقىرىقى رايونلارغا تارقىلىپ كىردى. مانا بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراپ تارقىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن بىر قېتىملىق بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتى، شۇنداقلا يەنە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم تىنچ يول بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىرتىغا تارقىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيگەن. شۇ چاغلاردا شىنجاڭغا كەلگەن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ھەممە جايلاردا مۇسۇلمانلارنى كۆرگەن. مەسىلەن، فىرانسىيەلىك رۇبرۇك: «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە نېستۇرى دىنى مۇخلىسلىرى ۋە ساراسىنلار (ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنى كۆرسىتىدۇ) بار ئىكەن» دېگەن. شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپان، قومۇل، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سانجى، جىمسار قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مانا بۇ ئەھۋاللار ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنىدا ماسلىشىش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمەت دىنى ئورنىدا تۇرۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن يار - يۆلەك بولۇشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلغان ھەم دىنىي كەڭچىلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر ھۆكۈمەت دىنى بولۇش ئورنىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىرىنچى قېتىم ئىسلام دىنىدا بولمىغان ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا بولدى. بۇنداق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئالدىدا، ئىسلام دىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ماسلىشىش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرى ۋە مۇسۇلمانلار

غەيرىي دىندىكىلەرگە ئىزچىل تۈردە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، غەربىي لياۋ ۋە موڭغۇللارنىڭ دىنىي سىياسىتىنى پائال قوللاپلا قالماستىن، يەنە غەربىي لياۋ بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاكتىپ قوللىدى. شۇ مەزگىلدە ئۆتكەن مۇسۇلمان تارىخشۇناسلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىرىنى ھەدەپ مەدھىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ئادىللىقىنى ھەمدە ئىسلام دىنىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىنى ماختىغان.

ئۈچىنچىدىن، ئىسلام دىنىدا زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. غەربىي لياۋ ۋە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلگىرىكىدەك باشقا دىنلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ھالىتى ئۆزگىرىپ، باشقا دىنلار بىلەن ئۆزئارا ئارىلاش تارقىلىش ئەھۋالى باشلاندى. بۇنداق ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەقۋادار مۇسۇلمانلار خالىمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىنتايىن نورمال ئەھۋال ئىدى. ھەرقانداق دىن جۈملىدىن ئىسلام دىنىمۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرەتتى؛ يېڭى رايونغا ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەندە، شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى دىنى ۋە مەدەنىيەت تەركىبىنى ئاستا - ئاستا قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇشقا توغرا كېلەتتى. مانا بۇ ھەرقانداق بىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە دىنىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارى ھېسابلىناتتى. بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئوخشاشمايدىغان مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا پەرق بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ دەل شۇنىڭدا ئىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىش جەريانى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزلۈكسىز رايونلىشىش ۋە مىللەتلىشىش جەريانىدۇر، بەلكى بۇ جەريان ھازىرغىچىمۇ ئاخىرلاشقىنى يوق.

### 6) تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى

چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كىردى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى چىڭگىزخاننىڭ دىنىي سىياسىتىگە ۋە قانۇنىي بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل تۈردە ئەمەل قىلىپ، ھەرقايسى دىنلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا بېشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. ئەمما، شەيئىلەر ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان غەربىي يۇرت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە ئاھالىلەر مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن رايون ئىدى. موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان موڭغۇل پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىشتىكى ئوبيېكتىمۇ مۇسۇلمانلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، موڭغۇللارنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ھۆكۈمرانلىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقى بولسۇن، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئارىلىشىش جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايتتى. موڭغۇللار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر تۈركۈم موڭغۇللار جۈملىدىن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان بىرىنچى تۈركۈم مۇسۇلمانلار بولۇپ قالدى. موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئەينى چاغدا جەمئىيەت تۇراقسىز ئىدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ۋە قەبىلە سەردارلىرى ھوقۇق تالىشىش ئۈچۈن دائىم جەڭ قىلىشاتتى، قوراللىق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار يىل بويى توختىمايتتى؛ جەمئىيەت تىنچ بولمىغاچقا، خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چىڭگىزخاننىڭ سىياسەت ۋە قانۇنلىرىغا قارىماستىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان موڭغۇل ئاممىسى بولسا، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى روھ تۇرغۇزۇشنى كۆزلەيتتى.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل خانلىقىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئۇ يەردىمۇ دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى، شىنجاڭدا بۇددا دىنى يەنىلا خېلى چوڭ تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى، ئىسلام دىنىنىڭ موغۇللارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭكىدەك ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىيە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا موغۇللار تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى.

چاغاتاي خانلىقىدا ئۇزاق ۋاقىت مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇ رەسمىي شەرقىي ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقىغا بۆلۈندى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى ئاساسەن شىنجاڭ ئىدى. 1347 - يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئەمىر بۇلاجى خەلق ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن، چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىق ئورنىغا يۆلەپ چىقىرىپ، ئالمالىقنى پايتەخت قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈر رەسمىي تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى، ئەمىر بۇلاجى ئۇنى ئاقسۇدا تۇرغۇزۇپ مۇھاپىزەت قىلغانىدى. شۇ چاغلاردا تۇغلۇق تۆمۈر چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۆز ئەجدادلىرى تەرىپىدىن شىنجاڭغا پالۋېتىلگەن سوپىزمچى دىن تارقاتقۇچى شەيخ جالالىددىن بىلەن ئەرشىددىن خوجا ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ئۇچراتتى، ئۇلارنىڭ ۋائىزلىق قىلىشى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى. بۇ ئىشنىڭ خېلى چوڭ خەۋپى بولغاچقا، ئۇ رەسمىي خاقانلىق ئورنىغا چىقىپ ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي ئاشكارا ئېتىقاد قىلىشنى جاكارلاش ۋە دىنغا كىرىش رەسمىيىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققان چاغدا، شەيخ جالالىددىن ئاللىقاچان ئاقسۇدا ۋاپات بولغانىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەرشىددىن خوجا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خاقانلىق ئورنىغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەسلىدىكى ۋەدە بويىچە ئالمالىققا بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن كۆرۈشكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋەدىسىدە

تۇرغان، ئەرشىدىن خوجا ئۇنىڭ دىنىغا كىرىش مۇراسىمىغا يېتەكچىلىك قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ دىنىي ئىسمىنى «ئابابەكرى مۇھەممەد» دەپ قويغان. نەتىجىدە ئۇ رەسمىي مۇسۇلمان بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل خاقان ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خاقانلىق ئورنىغا يۆلەپ چىقارغان دوغلات قەبىلىسى چاغاتاي موڭغۇللىرى ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭراق قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خاقانلىق ئورنىغا چىقىرىشتىكى مەقسىتى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلەش ئىدى. ئەلۋەتتە، تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ قورچاق بولۇشنى خالىمايتتى. دوغلات جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ نۇرغۇن تاكتىكا ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش بۇنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى يادرو قىلغان دىنىي سىياسىي كۈچنى تېز زورايتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرشىدىن خوجىنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئاستىدا، ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇشنى باشلىدى.

**7) ئىسلام دىنىنىڭ كۈچاغا تارقىلىشى**

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ ئىشنى ئالدى بىلەن بەگلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن باشلىدى. ئۇ ئەرشىدىن خوجا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشمەكچى بولدى ھەمدە تىل بىرىكتۈرۈپ: «ئەگەر بۇ دىن (ئىسلام دىنى) نى قوبۇل قىلسا، ئۇ ھالدا ئىش ئاسان بولىدۇ. ئەگەر رەت قىلسا، ئۇلارنى غەيرىي دىندىكىلەر ياكى بۇتپەرەسلەر دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دېدى. نەتىجىدە ئۇ ئىككىيلەننىڭ قورقۇتۇشى ۋە ئالدىشى تۈپەيلىدىن، بارلىق بەگلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياكى ئامالسىز ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرقايسى جايلارغا زور تۈركۈمدىكى تەربىيەلەنگەن دىن تارقاتقۇچىلارنى ئەۋەتكەن. بۇ كىشىلەر ئىسلام دىنىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلاردىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرلىكتە مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغان. دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئېلىپ بېرىلغاچقا، زور تۈركۈمدىكى موڭغۇللار تېزلىكتە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئىسلام تارىخي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ھىجرىيە 754- يىلى ئالمالىقتا 160 مىڭ موڭغۇل كوللېكتىپ ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن.

بۇ مەزگىلدە موڭغۇللار تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن باشقا، تۇغلۇق تۆمۈرخان يەنە ئىسلام دىنىنى بۇددا دىنىنىڭ كۈچادىكى ئورنىغا دەسسىتىپ، شۇ جايدىكى ئاساسلىق دىن قىلغان. كۈچا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دىنىي كۈچ ئۆزئارا تۇتىشىدىغان يەرگە جايلاشقان مەشھۇر بۇددا دىنى مەركىزى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئەرشىدىن خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىر تۈركۈم مول دىنىي بىلىمگە ئىگە دىندارلارنى توپلاپ، «كۈچا ئىسلام دىنى ئۆمىكى» دېگەن نامدىكى بىر دىن تارقىتىش تەشكىلاتىنى تەشكىللىگەن. بۇ ئۆمەك كۈچاغا كىرگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن مەسچىت سالدۇرۇپ، مەدرىسە ئېچىپ دىندارلارنى تەربىيەلەپ، مەھكىمە شەرئىي تەسىس قىلىپ، «قۇرئان» قاتارلىق ئىسلام دەستۇرلىرىنى تارقاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ۋە مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ۋاسىتىنى قوللىنىپ ئىسلام دىنىنى يولغا قويغان. ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ نامى بىلەن كىشىلەرگە ئىسلام دىنىغا ئۆتۈش توغرىسىدا چاقىرىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار يەنە مەجبۇرلاش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ كىشىلەرنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارغا ئېتىبار قىلىپ، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى رەت قىلغانلارنى خىلمۇخىل

ئۇسۇلدا جازالىغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۇچادىكى زور بىر تۇركۇم ئاھالە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

ئىسلام دىنىنى زورمۇزور يولغا قويۇش كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. 1359 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغان. ئالىمالىقتىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاممىا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىغا مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلدۇرۇشقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە ئالىمالىقنى بېسىۋالغان؛ كۇچا، شاياردىكى بۇددىزمچىلارمۇ ئاۋاز قوشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالىمالىققا قايتىپ كېلىپ، خىرىستىيان دىندارلىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كۇچادا يۈز بەرگەن توپىلاڭمۇ باستۇرۇلغان. توپىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، «كۇچا ئىسلام دىنى ئۆمىكى» كۇچادىكى بۇددىزمچىلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان. ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى بۇزۇپ، بۇتلىرىنى چېقىپ، بۇددا نوملىرىنى كۆيدۈرۈپ، بۇددا دىندارلىرىنى ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە، 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە كۇچا بۇددا مەدەنىيىتى ۋەيران بولۇپ تۈگىگەن. بۇددا راھىبلىرى مەجبۇرىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ياكى باشقا جايلارغا قېچىپ كەتكەن، قارشىلىق قىلغانلىرى ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇدۇندىن كېيىن شىنجاڭدىكى يەنە بىر بۇددا دىنى مەركىزى ئوت بىلەن قان ئىچىدە يوقالغان.

## 8) ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپانغا تارقىلىشى

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىدا ئەمەلدارلار ھوقۇق تالاشتى، ئۇرۇش ئوتى يەر - جاھاننى قاپلىدى، ئۇنىڭ ئىزباسارى ئىلياس خوجا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇزاق ۋاقىتلىق مالىمانچىلىقتىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نارەسىدە بالىسى خىزىر خوجا دوغلات قەبىلىسى تەرىپىدىن خاقانلىق ئورنىغا

چىقىرىلدى. خىزىر خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى تالاش - تارتىشى تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى دىن تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ تۇنجى نىشانى شىنجاڭدا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بۇددا دىنى مەركىزى تۇرپان ئىدى. دىن تارقىتىش ئۇسۇلى جەھەتتە يەنىلا ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى ئادەتلەنگەن قوراللىق كۈچ ئىشلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، يەنى بۇ «غازات» بايرىقى ئاستىدىكى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. تۇرپانغا قىلىنغان «غازات» نى «كۇچا ئىسلام دىنى ئۆمىكى»نىڭ شۇ چاغدا ئېلىپ بارغان دىن تارقىتىش پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەرشىدىن خوجا «كۇچا ئىسلام دىنى ئۆمىكى»نى باشلاپ كۇچاغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جايىنى ئۇزاق ۋاقىت ئىگىلىشى ئۈچۈن ئۆزىمۇ ئىزچىل تۇردە كۇچادا تۇردى، كېيىن بۇ جاي ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى. ئەرشىدىن خوجا كۇچادا تۇرۇپ شۇ جايدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىشتىن باشقا يەنە ئۈزلۈكسىز تۇردە تۇرپانغا دىن تارقاتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ تۇردى. تۇرپان خەلقى «كۇچا ئىسلام دىنى ئۆمىكى»نىڭ دىن تارقىتىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى، ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرى تازا ئوڭۇشلۇق بولمىدى. خىزىر خوجا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «غازات» قوزغاپ، قوراللىق كۈچ ئارقىلىق تۇرپاننى بويسۇندۇرۇپ، شۇ جايدىكى بۇددا دىنى كۈچلىرىنى يوقاتماقچى بولدى. مىلادىيە 1392 - يىلى خىزىر خوجا شەخسەن ئۆزى ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار ئىچكى جەھەتتە ماسلىشىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ قارشىلىقى ناھايىتى تېزلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. خىزىر خوجا تۇرپاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، كەينىدىنلا قاراغوجىنى بېسىۋالدى. تۇرپان مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قېنى قىزىپ كەتكەن ئىسلام لەشكەرلىرى شۇ جايدىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنى قىرىپ، بۇددا مەدەنىيىتىگە ھالاكەتلىك زەربە بەردى. يېقىنقى دەۋردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە، بەزى بۇددا دىنى

ئىبادەتخانىسى خارابىلىرىدە يىرتىۋېتىلگەن سان ـ ساناقسىز پارچە ـ پارچە قەدىمكى ھۆججەتلەر ئۆلتۈرۈلگەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ قانلىرىغا چىلىشىپ نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، باش، پۇتى يوق جەسەت ئۇستىخانلىرى بىلەن تەڭ بايقالغان. يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەردىن ئۇلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن قەستەن يىرتىۋېتىلگەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆيمەي ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم پارچە نومىلار ئىسلام ئىشغالىيەتچىلىرى ئىبادەتخانىغا ئوت قويغاندا، ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن ساقلىنىپ قالغان نەرسىلەردۇر.

**9) ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي دىنغا ئايلىنىشى**

تۇرپان ئىسلام دىنى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا بۇددا دىنى رايونى نۇقتىسىدىن ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان قومۇللا قالغانىدى. مىلادىيە 1399 ـ يىلى خىزىر خوجا يەنە قومۇلغا قارىتا «غازات» قوزغىدى. ئەينى چاغدا قومۇل مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. قومۇلدا تۇرۇشلۇق مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باستۇرۇپ كەلگەن ئىسلام قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭدە خىزىر خوجا ۋە ئەرشىدىن خوجا جەمەتىدىن بولغان ئەبۇ نەسىردىن خوجا مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قومۇلغا قارىتا قىلىنغان بۇ قېتىملىق «غازات» مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

خىزىر خوجىدىن كېيىنكى خان مۇھەممەتخان چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە ئەڭ كەسكىن خان ھەم ئىسلام دىنىنى پائال يولغا قويغۇچىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن بولغان «تارىخىي رەشىدى»دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەتخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بارلىق موگغۇللارنىڭ چوقۇم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، چوقۇم ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى، ۋاقتىدا

ئىبادەت قىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە بېشىغا «سەللە» يۆگىمىشى بەلگىلەنگەن، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالانغان. ئۇلارنىڭ جازاسى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئاتنىڭ تاقىسىنى جىنايەتچىنىڭ بېشىغا مىخلاشتەك ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن مەجبۇرىي يولغا قويۇشى ئاستىدا، چاغاتاي موڭغۇللىرى نائىلاج ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇ موڭغۇللار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئارىلىشىش ۋە ئۆزئارا نىكاھلىنىش ئارقىلىق تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئاستا - ئاستا ئۇيغۇرلىشىپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

خىزىر خوجا قومۇلغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى يەنە قومۇلغا قارىتا كۆپ قېتىم «غازات» قوزغاپ، قومۇلدا تۇرۇشلۇق مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن قايتا - قايتا قومۇلنى تالاشتى. ئىسلام دىنى گەرچە قوراللىق كۈچ ئىشلىتىپ قومۇلنى ئىشغال قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇددا دىنى كۈچلىرى ئارقا - ئارقىدىن بولغان جەڭلەردە قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ئاجىزلاپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قومۇلدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇددا دىنى كۈچلىرى بىراقلا ئاجىزلاپ كەتتى. مىلادىيە 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇددا دىنى كۈچلىرى قومۇلدىن ئاساسەن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. قومۇلدىكى بۇددىزمچىلارنىڭ چېكىنىپ چىقىشى بىلەن، ئىسلام دىنى تەخمىنەن ئالتە ئەسىر تارقالغاندىن كېيىن، ئاخىر بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلاندى.

## توّتىنچى باب

# كومپارتىيەنىڭ دىن سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر دىن خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ مىللەت، كۆپ خىل دىنلىق رايون ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردى. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى. دىنىي ساھەدىكى زاتلار، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا تۆھپە قوشۇش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، دىنىي ساھەنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قالدى.

## 1. قەشقەردىكى دىن باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

### ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى

80 - يىللاردىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە مەخسۇس مىللەت، دىن خىزمىتى ئاپپاراتى يوق ئىدى، مىللەت، دىن خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى مەسئۇل بولاتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيەنىڭ مىللىي

سىياسىتىنىڭ توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1980 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن باشقارمىسى قۇرۇلدى، بۇ باشقارما ۋىلايەت بويىچە مىللەت، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە دىن ئىشلىرى باشقارمىسىغا ئايرىلدى، ھەرقايسىسىنىڭ ئىشتاتى يەتتە كىشىدىن قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇلار ۋىلايەت بويىچە مىللەت، دىن خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. 1990 - يىللارغا كەلگەندە، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۇ ئىككى باشقارما قوشۇۋېتىلدى، ئۇ «مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، مىللەت بۆلۈمى، دىن ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، بۇ باشقارمىغا 15 ئىشتات بېكىتىلدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى (كەسپىي ئورۇن) گە ئۈچ ئىشتات، ئورگان مۇلازىمەت مەركىزىگە بىر ئىشتات بېكىتىلدى.

## شەھەرلىك، ناھىيەلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى

1984 - يىلىدىن بۇرۇن، قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر)لەردە مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەسىس قىلىنمىغانىدى، مىللەت، دىن ئىشلىرى خىزمىتىگە ناھىيەلىك پارتكوملارنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى مەسئۇل بولاتتى. 1985 - يىلىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيە (شەھەر)لەردە مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى، بۇ ئىدارىگە ئۈچتىن بەشكىچە ئىشتات بېكىتىلدى. بۇ ئىدارىلار ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيەلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ھەمكارلىشىپ، ناھىيە (شەھەر) تەۋەسىدىكى مىللەت، دىن

ئىشلىرى خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيە (شەھەر) لەردە ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتلەرگە بىردىن ئىشتات بېكىتىلدى. بۇ جەمئىيەت ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي خادىملارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ئۆگىنىش ۋە مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە (شەھەر)لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرمۇ مىللەت، دىن، مۇھاجىرلار ئىشلىرى كومىتېتلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇ كومىتېت مىللەت، دىن ئىشلىرى خىزمىتىگە مەخسۇس مەسئۇل بولدى، تەكلىپ لايىھەلەرنى بىرتەرەپ قىلدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى مىللەت، دىن جەھەتلەردە كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

## 2. دىن سىياسىتى

### 1. ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش

بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودا دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم پرىنسىپى. دىنغا ئېتىقاد قىلىش پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىدىكى بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ. ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا دىنىي ئىشلارنى يولغا قويىدۇ ھەمدە ئېھتىياجىغا قاراپ دىنىي مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمەت ئىشلىرىنى يولغا قويىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق بىر دىن دۆلەت مەمۇرىيىتى، ئەدلىيە، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت، ھەق تەلەپ دەۋاسى قاتارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلاشسا بولمايدۇ. دىننى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەت ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت

يول قويغان دائىرىدىن چىقىپ كەتسە بولمايدۇ. دىنىي قائىدە-يوسۇنلار دۆلەت قانۇنىغا زىت كېلىپ قالغاندا، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، دىنىي قائىدە-يوسۇننى تېگىشلىك دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭىشىشى ۋە ئۇ ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىنى چەتكە قاقمايدۇ. جۇڭگودىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئالدى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكتىن كەڭ تۈردە بەھرىمەن بولىدۇ، ئاساسىي قانۇن بەخش ئەتكەن ھوقۇقلاردىن باشقا پۇقرالارغا ئوخشاشلا بەھرىمەن بولىدۇ ۋە شۇلارغا ئوخشاشلا مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ. شىنجاڭدا دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ شەرتكە توشىدىغانلىرى باشقا ساھەدىكى زاتلارغا ئوخشاشلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ ياكى سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇشقا كۆرسىتىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىدا تېگىشلىك رول ئوينىيالايدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چوڭ-چوڭ سىياسەتلەرنى ۋە دىنىي جەھەتتىكى كونكرېت سىياسەتلەرنى، قانۇن-نىزام قاتارلىقلارنى تۈزگەندە، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارمۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ياكى بىۋاستىلا پارتىيە تەشكىلاتىغا ۋە ھۆكۈمەتكە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ ياكى تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەتلەر، خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەشلەر دىنىي ساھەدىكىلەر بەرگەن تەكلىپلەرنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىغا ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ بېرىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

### 2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئېتىقادچىلىرىغا قاراتقان ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى. پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بىر دىنىنىڭ بۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلمىغان بولسا ھازىر ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان بولسا ھازىر ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە. دۆلەت دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، مانا بۇ — مۇشۇ سىياسەتنىڭ تۈپ مەزمۇنى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىرقانچە خىل دىن مەۋجۇت، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىرقەدەر كۆپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئومۇمەن، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزاملار ۋە سىياسەتلەر يول قويغان دائىرە ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر، مەسىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا، شۇنىڭدەك دىن مۇخلىسلىرى ئادەت بويىچە ئۆز ئائىلىلىرىدە ئېلىپ بارغان ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، كۆجە يېيىش، بۇتقا چوقۇنۇش، ئىبادەت قىلىش، ئەمرىمەرۇپ قىلىش، قىرائەت قىلىش، ۋەز ئېيتىش، مىسسا ئۆتكۈزۈش، تەئىمىد قىلىش، ئاخىرەتلىك ياغ سۈرتۈش، شۇنىڭدەك دىنىي ھېيت - بايراملارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق نورمال پائالىيەتلەر قانۇندا قوغدىلىدۇ، ھەمدە بۇلار ئۈچۈن مۇۋاپىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تىزىمغا ئالدۇرۇلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ پىلانلىق ھالدا دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەشكە مەدەت بېرىلىدۇ. دىنىي خادىملارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان جايلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ كۆپ ساندىكى كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز سانلىق ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ توپ چىقىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرقى نۇقتىسى دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

**1) پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ شەرھىسى**

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دىن مەسىلىسىگە قاراتقان توپ سىياسىتى، بۇ بىر ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھەر بىر پۇقرا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ بىر خىل دىننىڭ ئىچىدە، بۇ خىل مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۇ خىل مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسا، ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە. توپ مەزمۇنى: دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتۇر. كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ كاپالەتلىك

قىلىشنى تەكىتلەش كېرەك. بۇ بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى: ھەرقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش قىلمىشى خۇددى دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىغانغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا بولۇپ، بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. يۇقىرىقى پىرىنسىپلارغا ئاساسەن بىز يەنە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم:

(1) ئوخشاش بولمىغان شارائىت ئاستىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز ساندىكى ئاممىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەت ھەم كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت. ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئارىسىدا، كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ھەمدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى، ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان جايلاردا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ كۆپ ساندىكى كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلاردا، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(2) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى «دىندا ئەركىن بولۇش» دېگەنلىك ئەمەس. دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىزچىل

ئىجرا قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاشلا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك.

(3) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە مۇستەقىل ئۆزلۈكىدىن ئۆزى غوجا بولۇش، ئۆز دىنىنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىن ئىشلىرى چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ. ئىشلىك ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەتتە، ھەم چەت ئەل بىلەن بولغان دىنىي جەھەتتىكى دوستانە بېرىش-كېلىشنى پائال توغرا قانات يايدۇرۇش، ھەم چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان بىرگە قاراتقان سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كېرەك.

### 2) پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى

پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى — دىنغا ئېتىقاد قىلىش پۇقرالار ئۆزلىرى ئەركىن تاللايدىغان مەسىلە، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشى. يەنى دىن ئۇ بىر خىل ئېتىقاد بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنى پۇقرالار ئۆزلىرى ئەركىن تاللىۋالسا بولىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئىشىنى پۇقرالار ئۆزلىرى قارار قىلىدۇ. دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئىشى، بۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزملىق

دىن قارىشىنى ئاساس قىلىپ، دىن مەسىلىسىگە قاراتقان تۈپ پىرىنسىپى.

ئىككىنچى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى — پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت دېموكراتىك ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەت. يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى. دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزممۇ بولمايدۇ. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئېلىمىز خەلقىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەقىقىي دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلدى. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا بەرگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم دېموكراتىيە ھوقۇقى. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ياكى قىلالماسلىق پارتىيەمىز ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىپە بولسا، تەشۋىقات - تەربىيە ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشتا بولۇپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ مەيلى قايسى جەھەتتىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قەتئىي تۈزىتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ بىر خىل قورۇق ۋەدە بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى — كۆپچىلىكنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئەتىنىڭ تامامەن بىردەكلىكىنى، ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان كەڭ ئاممىغا تولۇق تونۇتۇش. ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىش،

ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزدىكى چىقىش نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى مەقسىتىمىز. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرگە خىلاپ بولغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى خاتا، بۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قەتئىي چەكلىشى ۋە قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ.

### 3) پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ تامامەن توغرىلىقى

پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى تامامەن توغرا دېيىشىمىزگە تۆۋەندىكى ئاساسلىق سەۋەب ۋە پاكىتلار ئاساس بولالايدۇ:

(1) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دىن مەسىلىسىگە قاراتقان تۈپ سىياسىتى. بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت بولۇپ، دىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، بۇ سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم. پارتىيەمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىشى، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى ياكى ئېتىقاد قىلماسلىقىغا يول قويۇشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىسى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئۇ بىر ئىدىيەۋى تونۇش مەسىلىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيەگە خېلى بۇرۇنلا قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىدىيەۋى مەسىلىگە قارىتا مەمۇرىي بۇيرۇق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي ئېتىقاد ئادەتتىكى ئىدىيەۋى تونۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەگە، تارىخىي مەنبەگە ۋە تونۇش مەنبەسىگە ئىگە. مەمۇرىي بۇيرۇق ئۇسۇلى ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلاش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى زىيانلىق. بۇنداق قىلغاندا، بىر تەرەپتىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئازار

يېتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارغا قارىتا بېسىم ۋە يۈك بولۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا پايدىسىز، دىنىي مۇناسىۋەتتىكى ئىناقلىققا پايدىسىز، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا پايدىسىز؛ ئىككىنچىسى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپچىلىكنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتى تامامەن بىردەك، ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق بولسا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

(2) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر قىسىم كونكرېت سىياسەتلەرنى بېكىتتى. ئاساسلىقى: دىنىي زاتلارنى، بولۇپمۇ ھەرقايسى دىنلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بۇ پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ماددىي شەرتى؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەشكىلىي كاپالىتى؛ ياش بىر ئەۋلاد دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى پىلانلىق يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيەلەش دۆلىتىمىز دىنىي تەشكىلاتىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا بۇددا دىنى (بۇ زاڭزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى ۋە خەنزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خرىستىيان دىنى،

كاتولىك دىنى، پىراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە تويىن دىنى (داۋجياۋ)غا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىرقەدەر ئاز. مەيلى ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر خىل دىنلارنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە قانۇنىي ئورنى بىر-دەك باراۋەر بولىدۇ، ھەرقانداق نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن قوغدايدۇ. ھەرقايسى دىنلار ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، مەلۇم مىقداردا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئىگە بولدى، ئېھتىياجى ۋە شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن، ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنى تەدرىجىي قۇردى، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ياش، ۋەتەنپەرۋەر خادىملارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا يېتىشتۈردى ۋە تەربىيەلىدى، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق زۆرۈر بولغان دىنىي بۇيۇملارغا ئىگە بولدى.

(3) پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنى، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز دىنىنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنى، پارتىيەنىڭ دىنىي ساھە بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى، دۆلەتنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىن ئىشلىرىنىڭ چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ زور تەدبىرلەر پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

يىغىپ ئېيتقاندا، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىنغاچقا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىا ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىدىن رازى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئۆزئارا ئىناق

ئۆتىدۇ، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئاممىنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشالايدۇ ۋە ھەمكارلىشالايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ كەلدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم تۆھپىلەرنى ياراتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇزاق يىللىق ئەمەلىيەت پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، لېكىن بەزى جايلاردا ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ياكى بۇنداق، ياكى ئۇنداق مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان ۋاقتىدا ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىشىنىمىزكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

**قوشۇمچە:**

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدىكى پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 34-ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 18 ياشقا تولغان پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سايلاش

ۋە سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە، ببراق قانۇن بويىچە سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن. 36ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە. ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ»، «دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلىگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ بىرىنچى باب 11ـ ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ»، «ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ»، «دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 251ـ ماددىسىدا: «قانۇنسىز يوللار بىلەن پۇقرالارنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغان دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپى» نىڭ 77ـ ماددىسىدا: «دىنىي تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش

قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش قانۇنى» نىڭ 2- ماددىسىنىڭ 5- تارمىقىدا: «كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرىگە مەزكۇر قانۇن قوللىنىلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قانۇنى» نىڭ 7- ماددىسىدا: «ئېلانلاردا تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنۈش - قىياپەتلەرنى تەسۋىرلەشكە بولمايدۇ...... مىللەت، ئىرق، دىن ۋە جىنس كەمسىتىلىدىغان مەزمۇنلار» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نىڭ 3 - ماددىسىدا: «جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى كارخانا، مەمۇرىي ئورۇنلار ۋە ئورگانلاردىكى مائاشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، دىنىي ئېتىقادى، تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى قاتارلىقلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھالدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى قۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» نىڭ 9- ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. پۇقرالار مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن بويىچە باراۋەر تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 12 - ماددىسىدا: «ئەمگەكچى ئىشقا ئورۇنلىشىشتا مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك كەمسىتىلمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى» نىڭ 3- ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ مىللىتى، ئىرقى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە بىلىم دەرىجىسىگە

قارىماي، بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن.
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 5 ـ ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىسى دېلولارنى سوت قىلغاندا، پۇقرالارنىڭ مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلاشقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا قانۇن بىردەك باراۋەر تەتبىقلىنىدۇ، ھەرقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 8 ـ ماددىسىدا: «18 ياشقا تولغان ئۆز ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىلىرى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئولتۇراقلاشقان ۋاقتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن.
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 9 ـ ماددىسىدا: «18 ياشقا تولغان كەنت ئاھالىلىرى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلاشقان ۋاقتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بار، بىراق قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن.
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى» نىڭ 3 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 18 ياشقا تولغان پۇقرالىرى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلاشقان ۋاقتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ سايلاش ۋە

سايلىنىش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرمە قانۇنى» نىڭ 52 ـ ماددىسىدا: «ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن.

### 3. دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش

دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە رەھبەرلىك قىلىدىغان كەڭ كۆلەمدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر بىرلىك سېپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شىنجاڭدىكى ھەر خىل دىنىي خادىملار: 1998 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنىدىكى ئىماملار 29 مىڭدىن ئارتۇق، زاگرۇ بۇددا دىنىنىڭ لامالىرى 359 نەپەر، خەنزۇ بۇددا دىنىنىڭ ئۇپاسەكەلىرى 14 نەپەر، خىرىستىيان دىنىنىڭ پاستورى ئىككى نەپەر. پىرىسبىتېرى ئون نەچچە نەپەر، كاتولىك دىنىنىڭ پوپى بىر نەپەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىدىلا ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ياقلىغان ۋە قوللىغان دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشكە پايدىلىق بولغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللانغاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىدە ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ ھالقىنى چىڭ تۇتتى: (1) دىنىي ساھەدىكىلەرگە قارىتىلغان سىياسىي ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ سوتسىيالىزم

ئىنستىتۇتى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردىكى سىياسىي مەكتەپلەر، ناھىيەلەردە ئېچىلغان ئۆگىنىش كۇرسلىرى ۋە يېزا - بازارلاردا قۇرۇلغان ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا ھەم ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئۇلارغا قارىتا سوتسىيالىستىك تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى؛ (2) دىنىي ساھەدىكىلەر ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ۋە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى ياكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. 1998 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەردىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزالىقىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى، بۇددا دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەتلىكىگە كۆرسىتىلگەنلەر 4700 دىن ئاشقان؛ (3) دىنىي ساھەدىكىلەر ئىچىدىكى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا مەلۇم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1998 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ياردەم بېرىلگەنلەر تەخمىنەن 5000 دىن، شۇ يىلى ياردەم بېرىلگەن پۇل 8 مىليون يۈەندىن ئاشقان. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئارقىلىق دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى يەنىمۇ ئۇيۇشقاق ھالدا قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئۇلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى، پارتىيەنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيدى.

## 4. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنى بەرپا قىلىش پارتىيەنىڭ ۋە

دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم خىزمەت-لەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەشكىلىي كاپالىتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىزدا پەقەت ئىسلام جەمئىيىتىلا بار ئىدى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاپرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردە كەينى - كەينىدىن ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە بۇددا دىنى جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھازىر بار بولغان ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار 88، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن بىرى، بۇددا دىنى جەمئىيىتىدىن بىرى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ۋە شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن 13 ى، بۇددا دىنى جەمئىيىتىدىن ئۈچى، خىرىستىيان دىنىنىڭ «ئۈچتە مۇستەقىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى كومىتېتى» دىن بىرى، ناھىيە ۋە شەھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن 65 ى، بۇددا دىنى جەمئىيىتىدىن ئىككىسى بار. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىروگراممىسى بويىچە پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارمۇ «ئۈچتە مۇستەقىل بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى ۋە مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش، دىنىي جەمئىيەتنى ئۆزى باشقۇرۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي تەلىم - تەربىيە خادىملىرىنى تەربىيەلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلاردا چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنماي پائالىيەت ئېلىپ باردى، «ۋەز ئۆزۈندىلىرىدىن تاللانما» نى تۈزۈپ چىقتى. ۋەز ئېيتىش، خەتمە - قىرائەت قىلىش مۇسابىقىسى ئويۇشتۇرۇش ۋە تەلىم - تەربىيەلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي تەلىم - تەربىيە خادىملىرىنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

## 5. ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش

بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش سىياسىتىدۇر. شىنجاڭدا ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار قوللىنىلغان. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاساسەن پېشقەدەم دىنىي زاتلار مەسچىت ۋە مەدرىسەلەردە، لاما ئىبادەتخانىلىرىدا ياكى ئائىلىلەردە ئىختىيارىي ھالدا تالىپلارنى تەربىيەلىگەن. جۇڭگو كومپارتىيەسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان دىنىي زاتلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككىدىن ئۈچكىچە تالىپ تەربىيەلىشىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى يوق ناھىيە - شەھەرلەردە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرى ئىچىدىن كۆرسىتىلگەن كىشىنىڭ تالىپ تەربىيەلىشىنى بەلگىلىگەن. 90 - يىللاردىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولۇپ، ئاساسەن ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللاندى: بىرىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئالىي دىنىي بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش؛ ئىككىنچى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى دىنىي كۇرسلارنى ئېچىپ، ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئالتە قارار تولۇق كۇرس سىنىپىغا 309 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن تۆت قارار ئوقۇش پۈتكۈزگەن 166 نەپەر ئوقۇغۇچىنى نۇقتىلىق مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشكە ياكى دىنىي كۇرسلاردا

ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىنغان. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە 30 قارار دىنىي كۇرس ئېچىپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى دىنىي خادىمدىن تەخمىنەن 1000 كىشىنى تەربىيەلىگەن. بۇلاردىن باشقا، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى يەنە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاساسىي قاتلامنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەرىجىلىك ئابرۇيلۇق ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيەسى بىر قەدەر يۇقىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىككىدىن ئۈچكىچە تالىپ تەربىيەلىشىنى، تەربىيەلەش ۋاقتىنىڭ ئومۇمەن 2 — 3 يىل بولۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ تالىپلارنىڭ بەزىسى يېزا، كەنت مەسچىتلىرىدە دىنىي ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ، بەزىسى ئۆزى تەۋە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە ئېچىلغان دىنىي كۇرسلارغا ياكى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرسا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى ھازىر بار دىنىي خادىملارنى ئۆزى تەربىيەلىگەندىن باشقا، يەنە 30 نەپەر مانجى (تالىپ) نى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ زاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى مەشھۇر ئىبادەتخانىلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرىمۇ ئۆز خادىملىرىنى ئىمتىھان ئالغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا داۋاملىق تۈردە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ تۇردى.

ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى پىلانلىق تەربىيەلەش دىنىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئاپتونوم رايون 50- ۋە 60- يىللاردىلا ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتىشنى تەشكىللىشىگە ياردەملەشكەن. دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 1987- يىلى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى قۇردى. 2001- يىلى يەنە شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىنى قۇردى. قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ

قورغاس ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردا دىنىي مەكتەپ تەسىس قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشى ۋە ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىدىكى «ئىز باسار بولماسلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بولغان قاراتمىلىقنى كۈچەيتتى. 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1971 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1530 نەپەر ئادەم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «پېشقەدەملەر ياشلارنى تەربىيەلەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق دىنىي بىلىمى مول ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىمالار تەربىيەلەپ چىققان تالىپ (موللا) لار بىر نەچچە مىڭغا يەتتى. بۇلار ئۈچ يىللىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن كۆپ قىسمى تەرتىپ بويىچە مەسچىتلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ. بولۇپمۇ دۆلەت 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان، قويۇق ئىسلام دىنى ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋىلىقنى بىرلەشتۈرۈلۈپ سېلىنغان شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپى يىلدا 2000 ئادەمنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندى.

1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئۆزلىرى دىنىي خادىملارنى تەربىيەلىگەندىن سىرت، يەنە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭدىكى بۇددا ئىنستىتۇتىنىڭ دىنىي ۋەسىيىسىنى ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقا دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش، دىنىي خادىملارنىڭ ۋارىسلىرى بولماسلىقتەك مەسىلىنى يېنىكلەتتى.

دىنىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرغاندىن سىرت، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەدرىجىي ھالدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست،

شەھەر)، ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەربىيەلەش سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىپ، ھازىر بار بولغان دىنىي زاتلارنى ۋە ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كۈچەيتىلدى. 2001- يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈۋەنلىك مەسچىتلەردىكى 8000 دىن ئارتۇق دىنىي خادىم ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىمدىن، يىلىغا ئون قارار، ھەر قاراردا 200 ئادەم تەربىيەلەندى. قالغان 20 مىڭدىن ئارتۇق دىنىي خادىمنى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مەسئۇل بولۇپ تەربىيەلىدى. 2004- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلار كۆپ بولۇش تۈپەيلىدىن، تەربىيەلەش بازىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاندىن باشقا، ھەرقايسى جايلار پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە تۈنجى قارارلىق تەربىيەلەشنى تاماملىدى ياكى ئاشۇرۇپ تاماملىدى. تەربىيەلەنگەن دىنىي زاتلار 30 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەردە تەربىيەلەنگەنلىرى 22228 ئادەم قېتىم. 2005- يىلى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 2- قېتىم تەربىيەلەشنىڭ 1- يىلىدىكى خىزمەت ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى، تەربىيەلەنگەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار جەمئىي 8380 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ۋە شەھەرلەردە 6330 ئادەم قېتىم تەربىيەلەندى. كۆپ قىسىم ناھىيە ۋە شەھەرلەردە تەدرىجىي ھالدا تەربىيەلەش بازىلىرى بارلىققا كېلىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى دىنىي ئۇستازلار قوشۇنى ۋە بىر يۈرۈش تەربىيەلەشكە لازىملىق بولغان قوشۇمچە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى شەكىللەندى، تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، كېيىنكى تەربىيەلەش خىزمىتىگە ياخشى ئاساس يارىتىلدى.

دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك تەربىيەلەش كۇرسلىرىنىڭ تەربىيەلىشى بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە دىنىي جەھەتتىكى بىلىمى زور دەرىجىدە ئۆستى. بولۇپمۇ ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملار يېتىشىپ چىقىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەربىيەچىلەر قوشۇنىنى تولۇقلىدى ۋە كۆلىمىنى زورايتتى، دىنىي

خادىملار قوشۇنىدىكى ۋارىس بولماسلىق مەسىلىسىنى يېشىكلىتىپ، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ تەلىپىگە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنداقلا رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كەلگۈسىگىمۇ ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى.

## 6. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بولسا ئېلىمىزنىڭ دىنىي ساھەسىدىكىلەر بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەردە شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان بىر ئەسىردە، شىنجاڭدىكى دىنىي فېئودال غوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى «غازات» قىلىشنى باھانە قىلىپ، نۇرغۇن قېتىم ۋەتەننى پارچىلاش توپىلىڭى قوزغىغان. كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئۇلارنىڭ دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ قىلغان ئالدامچىلىقلىرىغا ئالدانماي، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى قوللاپ ھەم ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، بۇ توپىلاڭلارنى بىر - بىرلەپ تىنچىتىپ، ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغدىغان. ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەشتە، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشقا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىشىگە ماسلىشىپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى باشقا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قول

تۇتۇشۇپ، مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، سابىت داموللا ۋە مەمتىمىن بۇغرالارنىڭ قەشقەر ۋە خوتەندە قۇرغان ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلىمىز ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كەلگەندە، شىنجاڭ گەرچە ئارقا سەپ بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ياپونغا قارشى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، باشقا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىئانە يىغىپ 10 دانە «شىنجاڭ» نامىلىق كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋالغان، توپلىغان نۇرغۇن پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا چېگرا رايونى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى كۈچلۈك ھىمايە قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، «ئۈچ خىل كۈچ»لەرگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش بولسا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دۆلەتكە ۋە دىنغا بولغان دۇرۇس قارىشىنى نامايان قىلىدۇ، دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىدۇ. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بىر كۇپلېت ناخشىدا بۇنداق قاراش ۋە ئىدىيە تولۇق نامايان قىلىنغان. بۇ ناخشىدا: «مەن دىنىمنى سۆيىمەن، ۋەتىنىمنى ئۇنىڭدىنمۇ بەك. ۋەتەن يوقالسا ناۋادا، دىن بولامدۇ مەۋجۇت؟» دەپ ئېيتىلغان. ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىنىنى سۆيۈش بىر - بىرىگە زىت بولماستىن، بەلكى بىر گەۋدىدىن ئىبارەت. لېكىن، ۋەتەننى سۆيۈش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنى سۆيۈش ئەقەللىي ھەقىقەتتۇر، لېكىن تېخىمۇ بەكرەك سۆيۈشكە تېگىشلىك بولغىنى ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ۋەتەندۇر. دىن بىر خىل ئېتىقاد بولۇپ، پۇقرانىڭ شەخسىي

ئىشى. مەيلى قايسى تەرەپتىن قارىمايلى، ۋەتەن بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمدۇر. بىر ئادەم دىنغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋەتىنى بولمىسا بولمايدۇ. بىر ئادەم ئوخشاشمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ۋەتىنى پەقەت بىرلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر دىن مۇخلىسى مەيلى قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمىسۇن، ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى كېرەك. دىنىي شەرىئەتلەردىمۇ دىن مۇخلىسلىرىدىن ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش كوممۇنىستلار بىلەن ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىكى سىياسىي ئاساستىن ئىبارەت.

پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىدىن قارىغاندىمۇ، دىن مۇخلىسلىرى چوقۇم ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى لازىم. بىر ئادەم قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ پۇقراسىدۇر. دىن مۇخلىسلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار. بۇ، دۆلەت پۇقراغا بەرگەن ھوقۇق. دۆلەت پۇقراسى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر ئۇلۇغ ھېسسىيات، ئۇ پۇقرانىڭ يەنى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر. دىنىي شەرىئەت ۋە دىنىي يوسۇنلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ مىزانىدۇر، ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسا ھەربىر پۇقرانىڭ ئەڭ ئالىي مىزانىدىن ئىبارەت. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش بىر ئىخلاسمەن دىن مۇخلىسى بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ دىنىنى ھەقىقىي سۆيەلمەيدۇ، دىنىنى ھەقىقىي سۆيەلەيدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ۋەتىنىنى سۆيۈشى كېرەك. دۆلىتىمىزدە، پەقەت دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغاندىلا ۋە سوتسىيالىزم شارائىتىدىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىلىنىۋاتقان دىن مۇخلىسلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيمەيدىغانغا، شەخسىي

مەنپەئەتــى ۋە دىنىــي مەنپەئەتىنــى دۆلەت مەنپەئەتىــدىن ئۈســتۈن قويۇدىغانغا ھېچقانداق ئاساسى يوق.

بــۇ يەردە شــۇنى تەكىتلەشــكە ئەرزىيــدۇكى، رېئــال تۇرمۇشــتا ياشاۋاتقان بەزى ئادەملەر دۆلەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايۋاتىدۇ، ھەتتا بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ بارىــدۇ، دىنىــي مەنپەئەتنــى دۆلەت مەنپەئەتىــدىن يــۇقىرى قويۇۋاتىــدۇ، دىنىنــى دۆلەتــتىن مۇھىم دەپ قاراۋاتىــدۇ؛ دىــن ئىشلىرىغا بارلىقىنى ئاتاپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ؛ دىنىي شــەرىئەتلەرگە قــاتتىق ئەمەل قىلىــپ، دۆلەتنىــڭ قــانۇن - تــۈزۈم ۋە سىياسەتلىرىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلمايۋاتىدۇ، ھەتتا دىــن ئارقىلىق مەمۇرىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋاتىدۇ، قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىۋاتىدۇ، دۆلەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلمايۋاتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنىي دەستەك قىلىــپ مىللىــي بــۆلگۈنچىلىك قىلىشــنى ۋە ئــەســەبىي دىنىــي ئۇنسۇرلارنىڭ ھــيلە - مىكىرىنــى تونــۇپ يېتەلمەي، ئۇلارنىــڭ ھەقىقــي ئەپــت - بەشىرىسىنى ئاڭقىرالمايۋاتىــدۇ. بــۇ، خەلقنىــڭ ئۇلارنىــڭ دامىغا چۈشــۈپ كېتىــشىدىكى مــۇھىم ســەۋەبلەرنىڭ بىرىــدۇر. شــۇنىڭ ئۈچــۈن، بۆلگــۈنچىلىككە قارشــى كۈرەشــتە، شــىنجاڭنىڭ ئەمەلىــي ئەھۋالىغــا بىرلەشــتۈرگەن ئاساســتا، دىنغــا ئېتىقــاد قىلغــۇچى ئاممىغــا قارىتــا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكــۈمەتلىرى دىنىــي زاتلارنــى ئىتتىپاقلاشــتۇرۇش، تەربىــيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

شىنجاڭدىكى دىنىــي خادىملارنىــڭ سانى كۆپ بولــۇپ، ئۇلارنىــڭ دىنغا ئېتىقــاد قىلىدىغان ئاممــا بىلەن بولغــان ئالاقىسى زىچ. دىنىــي زاتلارنــى سىياســي جەھەتــتە ئىتتىپاقلاشــتۇرۇپ، ئۇلارغــا تۇرمــۇش جەھەتــتىن مۇۋاپىــق كۆيۈنۈشــتە چىــڭ تۇرغانــدا، پــارتىيە ۋە دىنىــي ســاھەلەرنىڭ بىرلىــك ســېپىنى مۇســتەھكەملىگىلى ۋە تەرەققىــي

قىلدۇرغىلى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزگە قارىتا بۆلگۈنچىلىك، سىڭىپ كىرىش، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تاقابىل تۇرغىلى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ئورتاق ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەزەلدىن («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا) ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىغا بولغان قەرەللىك ياردەم بېرىش ۋە ھېيت - ئايەملەردە، ئاغرىق - سىلاق ۋاقىتلاردا ھال سوراش، ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەردىن ھال سوراپ تۇرۇش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلار بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىن ۋە ئىدىيە جەھەتتىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئورتاقلىق ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ كەلگەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ۋە لاما دىنىدىكى دىنىي خادىملارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا يېزىلاردىكى بىر قىسىم دىنىي خادىملار دىنىي ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلغان. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيەنىڭ دىنىي خادىملارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتى. 1958 - يىلىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن ناھەق ھۆكۈم قىلىنغان، ئۇۋال قىلىنغان 1500 نەپەر ئادەم ئاقلىنىپ ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي تەلىم - تەربىيە بېرىشىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار بىر قىسىم دىنىي زاتلارغا قەرەللىك ھالدا ياردەم پۇلى تارقىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى جايلاردىكى دىنىي تارماقلار بىرلىك سەپ قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىللە تەربىيەلەش، سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىش، دائىملىق سىياسىي ئۆگىنىش، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەكشۈرۈش ۋە ئېكسكۇرسىيەلەرگە ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دىنىي خادىملارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتى ۋە قانۇن - نىزاملىرى، سىياسىي ۋەزىيەت ھەققىدىكى تەربىيەلەرنى ئېلىپ بېرىپ، قانۇنلۇق باشقۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىتلار بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ.

### 7. «تەپسىرچىلىك» ۋە دىنىي دەستۇرلار بىلەن تەمىنلەش

ئىسلام دىنى دۇنياۋى كۆلەمدىكى، تارىخى ئۇزاق چوڭ دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزھەپلىرى كۆپ بولۇپ، دىنىي شەرىئەتلىرىدىمۇ نۇرغۇن پەرقلەر بار.

ھازىر بار بولغان ئىسلام دىنىدىكى دىنىي خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدۇ، ۋەتەننى سۆيىدۇ ۋە قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىدۇ. بىراق، يەنە بىر قىسىم دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيەسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، نۆۋەتتە مەيدانغا چىقىۋاتقان مەسىلىلەرنى دەستۇرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا توغرا شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ. بولۇپمۇ بىر قىسىم ياشانغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، دىنىي بىلىمى ۋە مەدەنىيەت بىلىمى بىرقەدەر مول ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەم ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇش تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ، ھەم بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ دىنىي ساھەگە قويغان تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە تەپسىرچىلىك خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەپسىرچىلىك قېلىپلاشتۇرۇلدى.

كۆپ ساندىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىشى نەتىجىسىدە ۋە ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق تەپسىرچىلىك ئەمەلىيىتى داۋامىدا دىنىي بىلىمى، تەپسىرچىلىك سەۋىيەسى ۋە قانۇن ئېڭى ھەم سىياسەت ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تەپسىرچىلىكنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئېسىل ئىسلام دىنى ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشقا، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشكە، قانۇنغا رىئايە قىلىشقا، دىن ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشقا، قانۇننىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداشقا ۋە ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا يېتەكلەپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىشتە، ئۇلارنى ئاكتىپلىق بىلەن شەھەر - يېزىلاردا قوش مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا ۋە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش، «ئۈچ خىل كۈچ»لەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە قارشى تۇرۇش، مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش، يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ.

دىنىي تەلىم - تەربىيە بەرگۈچى خادىملار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە قاتارلىق ھەر خىل تىللاردا «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىسلام دىنى دەستۇرلىرى، بۇددا دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىنىڭ دەستۇرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ھازىرغا قەدەر تەمىنلەنگەن «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» 800 مىڭ پارچە، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان

«قۇرئان كەرىم» 100 مىڭ پارچە. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى تارقىتىلىۋاتىدۇ.

## 8. دىنىي جەھەتتىكى دوستانە بېرىش - كېلىشلەر

بۇ، جۇڭگودىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ چەت ئەللەردىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن باراۋەرلىك ۋە دوستانە ئاساستا ئېلىپ بارغان دىنىي ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا كۆرۈنىش ۋە زىيارەتتە بولۇش، شۇنىڭدەك خەلقئارا دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھەرىكىتىدۇر. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرگە تۇتىشىدۇ، تارىختا ئىسلام دىنى جەھەتتە بۇ دۆلەتلەر بىلەن بىرقەدەر كەڭ تەسىر كۆرسىتىشىپ كەلگەن، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى تەسىر ۋە بېرىش - كېلىش تېخىمۇ كۆپەيدى. شىنجاڭ دىنىي جەھەتتىكى تاشقى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەم دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىشنى پائال قانات يايدۇرۇش ھەم دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى قەتئىي توسۇش فاڭجېنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. شىنجاڭ مۇسۇلمانلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن رايون بولغاچقا، كۆپ يىللاردىن بېرى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئەرەب ئەللىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىش ئىشلىرى بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دۇنيادىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ دىنىي تەشكىلات ۋەكىللىرى، مۇخبىرلىرى، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىش، ياكى دىن، مەدەنىيەت ۋە سودا ھەمكارلىقى جەھەتلەردە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. ياپونىيە بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى، تاۋاپ قىلىش ئۆمىكى، كۆرۈنىش ئۆمىكى، شۇنىڭدەك كانادا بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

چېگچەن ھەزرەت قاتارلىقلار شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. شىنجاڭدىكى مەشھۇر دىنىي زاتلار، ئالىملارمۇ تەكلىپكە بىنائەن كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىقتى ياكى خەلقئارا دىن ۋە مەدەنىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1985 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭدىن ئۈمەك بولۇپ ھەجگە بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى جەمئىي 8327 كىشىگە يەتتى. دىنىي ئىشلار بىلەن چەت ئەللەرگە بېرىش ـ كېلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى سىياسىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

### 9. دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى

دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ماھىيەتتە ئىسلام دىنى، لاگزۇ بۇددا دىنىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتۇر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، دىنىي تۈزۈم بىلەن فېئوداللىق تۈزۈم بىرلىشىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ئېزىپ كەلگەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ئارقىلىق دىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرى (مەسىلەن، ئۆشرە ـ زاكات) پەيدىنپەي بىكار قىلىندى، دىنىي ئىبادەتخانىلار نۇرغۇن يەر ـ زېمىننى ئىگىلىۋالغان ئەھۋال ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇۋاپىق ھالدا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «ئىسلام دىنى، لاما دىنى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى تارقىتىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا بىرلەشتۈرۈپ، سالماق پوزىتسىيە بىلەن ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئاممىغا تايىنىپ، نامۇۋاپىق دىنىي تۈزۈملەرنى

ئىسلاھ قىلىشنى قارار قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە زىيالىيلار ئىچىدە ئاتېئىزم تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، خەلق ئاممىسى ئىچىدە پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەپ، دىنىي ئىمتىياز ۋە دىنىي تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، مىللەت ئىچىدە ئۇرۇنۇۋېلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش تەلەپ قىلىندى. سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتى ئارقىلىق دىنىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازى ۋە ئېزىش - ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىكار قىلىندى.

## 3. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنى ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى، ئائىلە تۇرمۇشى، جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دىنىنىڭ ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان قانۇن، مائارىپ، نىكاھ قاتارلىق ئىشلارغا ئارىلىشىشى قەتئىي مەنئى قىلىندى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىر قاتار سىياسەت، قانۇن، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى، دىنىي سورۇنلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى.

1958 - يىلى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە زىيان يەتكۈزىدىغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرى بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشىدىغان دىنىي تۈزۈملەر ئىسلاھ قىلىندى: دىنىي زاتلارغا تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىپ كېلىنىۋاتقان ئىماملىق تۈزۈمى، مەسچىت، مازارلارنىڭ يېرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى، مەسچىتلەرنىڭ ئەمگەك ھاشار تۈزۈمى، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى دىنىي سېلىق تۈزۈمى، دىنغا ئىشەنمىگۈچىلەرگە زورلانغان، ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە

مال ـ مۈلۈكنى ئىسراپ قىلىدىغان دىنىي پائالىيەت تۈزۈمى، نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىدىغان ۋە ئاياللارنى ئېزىدىغان، كەمسىتىدىغان تۈزۈملەر، باللارنى دىنىي ئەقىدە ئۆگىنىشكە ۋە روزا تۇتۇشقا زورلاش تۈزۈمى، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى چەكلەش تۈزۈمى، ئاخۇنلار ئەمگەككە قاتناشماسلىق تۈزۈمى، مۇسۇلمانلارغا دىنىي جازا بېرىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھاتلار ئارقىلىق دىنىنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسى گۇمران قىلىندى، مەسچىت، مازارلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كوللېكتىپ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان فېئوداللىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلدى، دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازلار، جۈملىدىن مەسچىتلەر مەھكىمە شەرئى تەسىس قىلىش، ھەق تەلەپ دەۋالىرىغا، نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىش، ئاياللارنى ئېزىش ۋە كەمسىتىش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش قاتارلىقلار بىكار قىلىندى؛ بۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان، ئاممىنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ساغلاملىقىغا خەۋپ ـ خەتەر يەتكۈزىدىغان قالاق ئادەتلەرمۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا ئىسلاھ قىلىندى. ئۇزاق مۇددەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردىكى سېلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى كۆچەيتىلدى.

1966 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، «سول» سىياسەت يولغا قويۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان مەسچىت، ئىبادەتخانىلار تاقىۋېتىلگەن، دىنىي زاتلار تارقىتىۋېتىلگەنىدى. بۇ، دىنغا ئىشەنگۈچى ئامما بىلەن پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلدى. 1978 ـ يىلىدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دىن سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بىر قىسىم

مەسچىتلەرنى دىنغا ئىشەنگۈچى ئاممىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەستىقلىدى، چىقىۋېتىلگەن مەسچىتلەر ئۈچۈن چىقىۋەتكۈچى ئورۇن مەسئۇل بولۇپ زىياننى تۆلەپ بەردى، دىن باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئۇنى ئامما ئۆزى ياسىدى. 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەتنىڭ ناھىيە (شەھەر)لەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كەنتكە بىردىن مەسچىت توغرا كەلدى، ھەتتا بەزى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىدا پائالىيەت سورۇنىمۇ بار بولدى. بۇ، دىنغا ئىشەنگۈچى ئاممىنىڭ تەلىپىنى تولۇق قاندۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقاتتى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىپ، دىنىي زاتلارنى بۇ بەلگىلىمىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، ھەمدە دىنغا ئىشەنگۈچى بارلىق ئاممىغا تەشۋىق قىلدى، دىنىي زاتلارنى ئىسلام دىنى شەرىئىتى ۋە دىن ئەخلاقى بويىچە سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئىجابىي ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، دىنىي سۆيۈش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە يېتەكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئىككى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا دىن باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، يېزا ـ بازارلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، مەمۇرىي كەنتلەردە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، مەسچىتلەردە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ

بىلەن تۆت دەرىجىلىك دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش تورلىرى شەكىللەندى ھەمدە باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ناھىيە (شەھەر) بىلەن يېزا (بازار)لار، يېزا (بازار)لار بىلەن كەنتلەر، كەنتلەر بىلەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، ئۆز ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، زىچ ماسلىشىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ياخشى باشقۇردى.

1990 - يىلى 7 - ئايدىن كېيىن جايلار بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە تىزىملىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەسچىتلەرنى رېمونت قىلغان، كېڭەيتكەن، قايتا سالغاندا ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش لازىملىقى ئېنىق جاكارلاندى، ئۆز ئالدىغا ئىش باشلاشقا ۋە ئاممىغا سېلىق چېچىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاممىنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولۇشى، قالايمىقان سېلىق چاچقۇچىلارغا قانۇن بويىچە جازا كۆرۈلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىي زاتلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيەتنامىسى تارقىتىلدى. تەرتىپكە سېلىش، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، مەسچىتلەرنى ئۆز مەيلىچە قايتا سېلىش، كېڭەيتىش قىلمىشلىرى مەنئى قىلىندى. قانۇن - تۈزۈم، سىياسەتلەرگە رىئايە قىلمىغان بىر قىسىم دىنىي زاتلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى بىكار قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش، دوكلات قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. يېزا (بازار)لار ھەر ئايدا بىر قېتىم، كەنتلەر ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دىنىي زاتلارنى يىغىپ، ئۆگىنىش قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي پائالىيەت جەريانىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى دوكلات قىلدى، ھەل قىلىش چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىسىز ئەھۋاللار بىخ ھالىتىدە تۈگىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن بارلىق دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن - تۈزۈم يولىغا سېلىندى.

قوشۇمچە (1):

# قەشقەردىكى ئاساسلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە يادىكارلىقلار

## 1. قەشقەردىكى ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە ئىسلام يادىكارلىقلىرى

### 1. مەشھۇر مەسچىتلەر

مەسچىت ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى بولۇپ، شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، مەسچىتلەر ئاساسلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنى سۈپىتىدە كەڭ كۆلەمدە ياسالغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقى ۋە خۇيزۇ ئىسلام بىناكارلىقى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مەسچىتلەرنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم بىناكارلىق نەمۇنىلىرى بارلىققا كەلگەن. تۆۋەندە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسمىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئوردا ئىشكى جامەسى

بۇ جامە قەشقەر شەھىرى يارباغ كوچا باشقارمىسى ئوردا ئىشكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°59'24"، شىمالىي كەڭلىك 39°28'21" — 39°28'22" قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 486 كۋادرات مېتىر.

«ئوردا ئىشكى مەسچىتى» قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمدارلىرىدىن يۇسۇپ قادىرخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋرلەردە يەنى مىلادىيە 1019 ـ يىلى بىنا قىلىنغان، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ

ئۇنىۋېرسال مەسچىت. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدىلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىسلام دىنى تۇسىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇش ھەم دىنىي پائالىيەت سورۇنى. قەشقەردىكى ئوقۇمۇشلۇق زات، ئۆلىمالار «ئوردا ئىشىكى مەسچىتى» نىڭ ئەينى دەۋرلەردە قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى خان ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان خاس مەسچىت ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن «ئوردا ئىشىكى مەسچىتى» دەپ ئاتالغانلىقىنى، يەنە ھەرقايسى مۇسۇلمان ئەللەردىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭمۇ مەخسۇس مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى؛ 12 - ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى، سەيياھ، سياسىيون شەيخ سەئىدىنىڭمۇ قەشقەردە ئەلچى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ، مەشھۇر ئەسىرى «گۈلىستان» نىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ مەسچىتتە يازغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ. «ئوردا ئىشىكى مەسچىتى» نىڭ ئەسلىدىكى كۆلىمى 1560 كىۋادرات مېتىر، خانىقانىڭ كۆلىمى 86 كىۋادرات مېتىر بولغانلىقى مەلۇم. بۇ مەسچىت تارىختا مىلادىيە 1613 - يىللىرى ئەتراپىدا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەزىرى، ھەربىي سانغۇن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان.

1875 - يىلى ياقۇپبەگ زامانىسىدا بىر قېتىم چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان. 1904 - يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1968 - يىلى مەسچىتنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى نەقىشلىك پېشايۋان، دەرۋازا، پەشتاق، ئىشىك ئالدىدىكى مۇنار ۋە گۈمبەز قاتارلىق بۆلەكلىرى چېقىۋېتىلگەن. 1973 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك يارباغ كوچا باشقارمىسى مەسچىتنىڭ 760 كىۋادرات مېتىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان. مەسچىتنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 870 كىۋادرات مېتىر، مەسچىتنىڭ ئىچكىرى قىسمىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكى كۆلەم بىلەن ئوخشاش. 24 دانە نەقىشلىك تۈۋرۈك بار. مەسچىت قورۇسىدا بىر قېتىمدا 700 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. كېيىنكى زامانلاردا «ئوردا ئىشىكى مەسچىتى» نىڭ ئالدىدا چاپان بازىرى شەكىللەنگەنلىكتىن، ھازىر «چاپان بازىرى مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسچىتنىڭ

تاملىرى 37×21 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى پىشىشق خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان.

«ئوردا ئىشكى مەسچىتى» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى. گەرچە ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىسمى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىپ قالغان بۆلەكلىرىدىكى ئالاھىدە نەپىس ئويۇلغان نەقىشلەر، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ھۈنەر - ھېكمەتلىرىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ مەسچىت يەنە تارىخىي جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەھەر ئورنىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ دەلىللەشتە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تارىخىي مىراستۇر[①].

### قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى

قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى (جامەسى) — شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر كاتتا مەسچىتى. ئورنى قەشقەر شەھىرى ئازادلىق يولىدا. «ھېيتگاھ» سۆزى ئەرەبچە «ھېيت» دېگەن سۆز بىلەن پارسچە «گاھ» دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ھېيت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە. بۇ مەسچىت شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار يىغىلىش ۋە مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدىغان كاتتا مەسچىت، دىنىي تەلىم - تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. بۇ مەسچىتنىڭ قاچان سېلىنىشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا قولىمىزدا ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەسچىت ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى قۇتەيبە ئەرەبىستاندىن دىن تارقاتقىلى كەلگەن ئىمامنىڭ قەبرىسىنى كۆچۈرۈپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغانىكەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ يىللىرىدا (1436 — 1449-

---

① يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي — قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي نەشرى، 117 — 119- بەتلەر.

يىللىرى) قەشقەر ھۆكۈمرانى سانىسز مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مازارنىڭ يېنىغا بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن، شۇ مەسچىت مۇشۇ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئاساسى ئىكەن. 16- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەن خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان دائىرىلىرى بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ چوڭ جامەگە ئايلاندۇرغانىكەن. 1798- يىلى يىگىسارلىق ئۇيغۇر قىزى زۇلپىيە خېنىم پاكىستانغا كېتىۋېتىپ سەپەر ئۈستىدە قەشقەردە قازا قىپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قالغان سەپەر خىراجىتىنى ئىشلىتىپ، بۇ مەسچىتنى يەنە كېڭەيتىپ، «ھېيتگاھ» دەپ نام بېرىپتۇ، كېيىن يەنە كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىپتۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821 — 1850- يىللىرى) قەشقەر شەھىرى كېڭەيتىلگەندە ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، تولۇق رېمونت قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلگەنىكەن. 1872- يىلى قوقەندلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەزكۇر مەسچىت تېخىمۇ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، مەسچىت ئۆيلىرى، ئىسسىق بۆلمىلەر، غۇسلىخانا، پەشتاق، سۈنئىي كۆللەرنى ياسىغاندىن باشقا. مەسچىت دەرۋازىسى، جاينامازلارنى ھازىرلاپ، مەسچىتنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەسچىتى ھازىرقى دائىرىگە ئىگە بولغان. مەسچىتنىڭ بارلىق ئىگىلىگەن يېرى 25 مو، بۇ ئاساسەن مەسچىت دەرۋازىسى، خانىقا، پەشتاق، مەسچىت ئۆيلىرى، سۈنئىي كۆل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىنقى دەرۋازىسى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، دەرۋازا ئالدىدا مەسچىتنىڭ نامىدىكى ھېيتگاھ مەيدانى بار. دەرۋازا مۇنارى ئەرەبچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، دەرۋازا چوققىسىدا قۇببە بار، ئۈستىگە كىچىك ئۇچلۇق مۇنار سېلىنغان. دەرۋازا ئىچىدە سەككىز بۇرجەك دەھلىز، دەھلىزنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە مەسچىت قورۇسىغا ئېچىلغان مېھرابىسمان ئىككى ئىشىك بار. ئېگىزلىكى 18 مېتىرچە كېلىدىغان، خىشتا قوپۇرۇلغان ئىككى تۈۋرۈكسىمان ئەزان ئېيتىش مۇنارى مەسچىتنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مۇنار تۈۋەندىن يۇقىرىغا ھەر قەۋەتتە ئاز - ئازدىن قۇرۇلۇپ، ھەر خىل نەقىش

ۋە شەكىللەر چىقىرىلىپ قوپۇرۇلغان. مۇنار بىلەن دەرۋازا راۋىقى قىسقا تام بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. تام ۋە دەرۋازا راۋىقى سۇس سېرىق سىرلانغان، خىشلارنىڭ ئارىلىقلىرى ۋە تامغا چىقىرىلغان ئويۇقلار ھاك بىلەن ئەنكاپلانغان. سىزىقلىرى ئېنىق ۋە راۋان بولۇپ، كىشىگە ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. خانىقا (نامازخانا) مەسچىت قورۇسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، خىش ۋە ياغاچ بىلەن قۇرۇلغان، ئۈگزىسى تۈز، ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، ئىشىكتىن غول تامغىچە 16 مېتىر. بۇ ئىچكىرى - تاشقىرى نامازخانا ۋە دەھلىزدىن تەشكىل تاپقان، ھەممىسىگە تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، نەقىش ئويۇلغان 158 تال ياغاچ تۈۋرۈك ئاق تورۇسنى تىرەپ تۇرىدۇ، تورۇسقا ھەر خىل گۈل ۋە گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. مەسچىت قورۇسى كۆركەم، ئازادە، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بولۇپ، كىشىگە راھەت بەخش ئېتىدۇ. پۈتۈن مەسچىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، بىناكارلىق سەنئىتى نەپىس، كۆركەم، ئۇسلۇبى ئالاھىدە. نامازخانا، مەسچىت قورۇسى ۋە ھېيتگاھ مەيدانىنى قوشقاندا نەچچە ئون مىڭ كىشى بىمالال ناماز ئوقۇيالايدۇ. يېقىنقى زامانلاردىن تارتىپ ھېيتگاھ مەسچىتى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى مەسچىتنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم پۇل ئاجرىتىپ مەسچىتنى يېڭىلاپ تۇردى. ھازىر ئۇ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن.

### يەكەن جامە مەسچىتى

يەكەن جامە مەسچىتى ــ مەشھۇر مەسچىت. ئورنى يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ، بىناكارلىق سەنئىتى ئالاھىدە بولغان قەدىمىي مەسچىت. بۇ مەسچىت يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا خان زامانىسىدا سېلىنغان. 1734 - يىلى چوڭ رېمونت قىلىنغان. 1870 - يىلى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىلگەن، كېيىن يەنە بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. جامە مەسچىتى ياغاچ

سالاسۇن ۋە قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان تام بىلەن ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى قىسمى مەدرىسە، كەينى قىسمى مەسچىت، ئىككى تەرىپىدە مېۋىلىك باغ ۋە ۋەخپە يەر بار بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 20 مىڭ كىۋادرات مېتىردىن كۆپرەك. دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆزئارا سىممېترىك قىلىپ سېلىنغان ئىككى مەنزىرە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ۋە ئۈچلۈق قۇببە بولۇپ، قۇببىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر قاتار تەكچىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىدە گەج بىلەن نەقىش چىقىرىلغان روجەكلەر بار. تورۇسلىرى كاتەكچىلەر بىلەن بېزەلگەن. مەدرىسە قاتار سېلىنغان 40 نەچچە ھۇجرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلچەك بار. مەسچىتنىڭ نامازخانىسى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تورۇسىغا لىم ياغاچلار زىچ قويۇلۇپ يېپىلغان. ئىچكىرىدىكى نامازخانا تۇۋرۇكلۇك، غەربىي تېمىدا مېھرابسىمان تەكچىلەر بولۇپ، ئىشىك رامكىلىرى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۈستىگە خىلمۇخىل كاتەكچىلەر چىقىرىلغان روجەكلەر ئورنىتىلغان. تاشقىرىقى نامازخانا كەڭ، ئازادە دەھلىزدىن ئىبارەت بولۇپ، دەھلىزنىڭ ئالدىغا بىر قاتار نەقىشلىك تۈۋرۈكچىلەر ئورنىتىلغان، ھەربىر تۈۋرۈكچىنىڭ شەكلى ۋە نەقىشى ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار. پۈتۈن مەسچىتنىڭ تورۇس قۇرۇلمىسى بەك مۇرەككەپ بولۇپ، نەپىس ۋە گۈزەللىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تورۇسنى 136 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىچكىرىلىكى بەش ھۇجرا، ئالدى كەڭلىكى 18 ھۇجرا بولۇپ، جەمئىي 90 ھۇجرا بار. 62 ھۇجرىنىڭ تورۇسىغا لىم ياغاچلار زىچ قويۇلۇپ يېپىلغان، 28 ھۇجرىنىڭ تورۇسى كاتەكچىلەر بىلەن نەقىشلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 20 ھۇجرىنىڭ تورۇسى ۋاسا جۈپ قىلىنىپ يېپىلغان. ۋاسا جۈپ قىلىنغان تورۇسلار گەج بىلەن ئاقارتىلىپ، ھەر خىل نەقىش ۋە رەڭلىك رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن. بۇ جەھەتتە، مەسچىتلەر ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇجەسسەم قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

### يەكەن ئازنا مەسچىتى

يەكەن ئازنا مەسچىتى — بۇ مەسچىت يەكەن ناھىيەسى بازارلىق ھۆكۈمەت چاسا 4- ئاھالىلەر كومىتېتى 8- مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 1420 كىۋادرات مېتىر.

مەسچىت يەنە «قىرىق گۈمبەزلىك مەسچىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مىرزا ئابابەكرى خان دەۋرى (مىلادىيە 1470 — 1514- يىللار) دە ياسالغان. ئۇ، چاسا شەكىلدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، دىيامېتىرى 2.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 مېتىر كېلىدىغان 51 دانە كىچىك گۈمبەز ۋە دىيامېتىرى 7.9 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۈمبەزدىن تەركىب تاپقان. گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى گەج بىلەن سۇۋالغان. مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك راۋاق مۇنارى بار. مەسچىتنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كاھىۋان بار. مەسچىتنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي قۇرۇلمىلار يەنى گۈمبەز ۋە گۈمبەزلەرنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت ئالاھىدە تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، قۇرۇلۇش تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. مەسچىت مىلادىيە 1679 — 1808- يىللىرى ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان. بۇ مەسچىت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1999- يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

### قاغىلىق جامەسى

قاغىلىق جامەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاغىلىقنىڭ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بازار بولۇپ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جامە 456 يىللىق تارىخقا ئىگە. جامە سېلىنىشتىن ئىلگىرى، جامە ۋە بازارنىڭ ئورنى ساي ياقىسىدىكى بىر كەنتتە بولۇپ، يەكەن بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى قونالغۇ بولغان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە

سىياسىي كۈچىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن يېڭى يېزا - كەنتلەرنى بەرپا قىلغان. يول ياساپ، لەڭگەر سېلىپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇرغان، بازارلارنى كۆپەيتكەن، يۇرتلارنى ئاۋاتلاشتۇرغان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاغىلىقتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، سەمەرقەنتتە ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان سايرامىلىق خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىسىملىك مۇتەپەككۇر، ئالىم ھىندىستان ئارقىلىق قاغىلىققا كەلگەن. ئۇ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن مەسلىھەتتە بولغان، شۇنداقلا قاغىلىقنىڭ يەكەن بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قاغىلىققا بىر مەسچىت ۋە لەڭگەر سېلىش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇ تەكلىپنى خانلىق توغرا تېپىپ، ھىجرىيە 943- يىلى (مىلادىيە 1536- يىلى) ھازىرقى جامەنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىغان. جامەنىڭ تېمى سېلىنىۋاتقاندا قىبلە تام ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ كېتىپ زادىلا توختىمىغان. كېيىن بۇ تامنىڭ ئۇلىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى سېزىلگەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن خوجا مۇھەممەت شېرىپ تام سېلىنىۋاتقانلارنى تامنىڭ ئۇلىنى ئېچىشقا بۇيرۇغان. يەر ئىككى - ئۈچ مېتىر كولانغاندا، بىر كۈپ ئالتۇن، بىر چويۇن بوت ۋە بىر جەسەت چىققان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نەق مەيداندا ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىش توغرىسىدا يارلىق يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مەسچىت باشقىدىن لايىھەلىنىپ، ئىچكىرى - تاشقىرى مەسچىت ۋە كەڭرى سەينالىق جامەگە ئۆزگەرتىلگەن. يەر تېگىدىن چىققان جەسەتنىڭ ھورمۇز شەھرىدىن كەلگەن موللا خوجا ئەھمەدى دېگەن كىشىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، ئۇ، جامەنىڭ جەنۇب تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان. چويۇن بوتتا ئىككى دانە چوڭ داش قازان قويۇلغان. جامەنىڭ ئىچىگە توققۇز ئېغىز ھۇجرا سېلىنغان، جامەنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارىتىلغان ھەمدە

توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار ياسالغان. جامە قۇرۇلۇشىدىن ئېشىپ قالغان ئالتۇنغا جامەنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىن 64 پاتمان (4650 مو) يەر سېتىۋېلىنىپ، ئۇ، جامەگە ۋەخپە قىلىنغان. جامە پۈتۈپ يەتتە يىلدىن كېيىن يەنى ھىجرىيە 950 ـ يىلى (مىلادىيە 1543 ـ يىلى) سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاغىلىقنىڭ غەربىدىكى سايباغ كەنتىگە كېلىپ، بۇ يەرنىڭ دەل ـ دەرەخلىق ئاۋات يۇرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە بازار بىنا قىلماقچى بولغان. لېكىن، سايباغ خەلقى خاندىن بازارنى باشقا يەرگە قۇرۇشنى تىلەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، جامە ئالدىنى بازار قىلىش قارار قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن داۋۇر «ھازىرقى دوھۇر كەنتى» دىن بازار ئىچىگە سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭ چېپىش پىلانلانغان. بۇ ئۆستەڭنى خوجا مۇھەممەت شېرىپ شۇ زامانىنىڭ ئۆستەڭ پىلانلاش تېخنىكىسى بويىچە لايىھەلىگەن. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئوردا سىپاھلىرى مەسئۇل بولغان. ئەمگەكچىلەرنىڭ تامىقى ۋە قورال ـ سايمانلارنى خانلىق بەرگەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان. بازار قۇرۇلۇشى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ باشلانغان. جامە ئەتراپىغا ئولتۇراق ئۆي ۋە دۇكانلار سېلىنغان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن باشقا شەھەرلەردىن تۆمۈرچى، ناۋاي، موزدۇز قاتارلىق 32 ھۈنەرۋەن كەلتۈرۈلۈپ، دۇكانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بازار ھىجرىيە 953 ـ يىلى (مىلادى 1546 ـ يىلى) رەسمىي پۈتۈپ، دۈشەنبە كۈنى بازار قىلىش بەلگىلەنگەن.

ئۆستەڭ چېپىپ سۇ ئەكېلىش ۋە بازارنىڭ بىنا قىلىنىشى بىلەن ئەتراپتا يېڭى كەنت ۋە كۆچۈم مەھەللىلەر بارلىققا كېلىپ، قاغىلىقنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ ئاۋاتلىشىشقا باشلىغان. ھىجرىيە 1290 ـ يىلى (مىلادىيە 1873 ـ يىلى) ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن مۆتىۋەللە ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىق جامەسى بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، جامەنىڭ شىمال تەرىپىگە كەگرى سەينا ياسالغان ۋە مەدرىسە سېلىنغان. بۇ يەردە تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە جۈمە كۈنى دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ

قىلىنغان قازنىخانىمۇ قۇرۇلغان.

1936- يىلىغا كەلگەندە قاغىلىقتا ھاكىم بولۇپ تۇرغان ھاجى دېگەن كىشى بۇ جامەنى بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ، جامەنىڭ ئەسلىدە شەرققە قارايدىغان دەرۋازىسىنى شىمالغا قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن، جامەگە دەھلىز ئارقىلىق كىرىدىغان قىلغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىغا 18 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار ياسالغان. ھۇجرىلارغا دېرىزە قويۇلۇپ، ئالدى پېشايۋان قىلىنغان.

ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۇپ، 1986- يىلغا كەلگەندە قاغىلىق جامەسىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە، شۇنداقلا جامەنى ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، ناھىيەلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى ۋە مەسئۇل بولۇشى بىلەن جامەنى رېمونت قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئىئانە قىلىشى بىلەن 373 مىڭ 799 يۈەن پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار توپلىنىپ، بەش يىل ئىچىدە جامە ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىندى. جامە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەڭرى مەيدان ياسىلىپ، ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈللۈك ياسالدى. مەيداننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە ئىككى قەۋەتلىك سودا دۇكانلىرى سېلىندى. جامە دەرۋازىسى 24 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار گۈمبەزلىك قىلىپ ياسالدى. جامە ئىچىدىكى ھۇجرا 14 كە كۆپەيتىلدى. ھۇجرىلارنىڭ شەرق، شىمال تەرەپلىرىگە بېتون لەمپە چىقىرىلىپ، ئەتراپىغا تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلىپ سەينا قىلىندى. جامەنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يان ئىشىكلىرىگە گۈللۈك تۆمۈر دەرۋازا ئورنىتىلدى. ئىچكىرى - تاشقىرى مەسچىتلەرنىڭ تورۇس، ئىشىك، تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان نەقىشلەر سىرلىنىپ، مودەنگۈل، ئانارگۈل، پىياز چېچەكى گۈلى قاتارلىق گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى چىقىرىلدى. جامەگە توك سىمى تارتىلىپ، لامپۇچكىلار ئورنىتىلدى، سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. جامەنىڭ يېڭىدىن ياسالغان مۇنار ۋە دەرۋازىلىرىغا پىششىق خىشتىن گىرەلەشمە

گۈل چىقىرىلىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلىدى. 5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەرۋازا ئۈستىگە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھۆسنخەت شەكلىدە ئويۇلدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن دەھلىز كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. دەرۋازىغا ئۇدۇل تامغا مېھراب شەكلىدە چىرايلىق گۈل نەقىشلەنگەن روجەك چىقىرىلغان. بۇ روجەكتىن جامە سەيناسىغا كىرمەي تۇرۇپمۇ، جامەنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

جامەنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 65 مېتىر، غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 70 مېتىر. ئومۇمىي كۆلىمى 4550 كىۋادرات مېتىر، جامەنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇنداق: جەنۇبىدا ئېتىكاپخانا، شىمالىدا مەدرىسە بار. مەدرىسەنىڭ كەڭلىكى 22 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 37.2 مېتىر، كۆلىمى 818 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. پۈتۈن جامە 6 مو 8 پۇڭ يەرنى ئىگىلىگەن. مەسچىت بىلەن سەينانى ئۇچ باسقۇچلۇق پەشتاق ئايرىپ تۇرىدۇ. مەسچىت ئىچىگە گىلەم - زىلچىلار سېلىنغان. مەسچىتنىڭ تورۇس ۋە تۈۋرۈكلىرى قاپارتما گۈل بىلەن نەقىشلەنگەن. پۈتۈن جامە ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت، سەينادىن ئىبارەت ئۇچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. سەينا ئەتراپىدىكى بېتون لەمپە ئۈستىدىكى رېشاتكىلىق سەينانى قوشقاندا، جامەدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ[①].

**قورغان ھېيتگاھ جامەسى**

بۇ جامە يېڭىسار ناھىيەسى قىزىل يېزىسىنىڭ 4.5 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا يەنى قىزىل يېزىسى قورغان 8- كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 76°31′20″—76°31′21″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°38′35″ — 38°38′36″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1330 مېتىر، كۆلىمى 11 مىڭ 457 كىۋادرات مېتىر.

---

① مۇختەر مامۇت مۇھەممەدى: «قاغىلىق بازىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە قاغىلىق جامەسى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1992 - يىلى 4 - سان، 28 — 30 - بەتلەر.

ئېيتىلىشىچە، قاراخانىيلارنىڭ خاقانى يۈسۈپ قادىرخان مىلادىيە 11- ئەسىردە خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا بېرىپ قايتقاندا، مۇشۇ يەرگە بىر مەسچىت سالغان بولۇپ، كېيىن ئۇ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. 1987- يىلى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىدىن مەسچىت ياسالغان ئىكەن. ئۇ، غەربتىن شەرققە قارىتىپ ياسالغان بولۇپ، دەرۋازىسى ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان. تۈز تورۇسلۇق بولۇپ، ياغاچ بىلەن ياسالغان، ھويلا، پېشايۋان، كاھىۋان قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بىر قېتىمدىلا 1500گە يېقىن ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

### ئالتۇن مەسچىت

بۇ مەسچىت يەكەن ناھىيەسى بازارلىق ھۆكۈمەت 3- ئاھالىلەر كومىتېتى 1 - مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 77°15′12″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°24′56″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1233 مېتىر، كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر.

مەسچىت ئىچىدە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يەنى ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن مىلادىيە 1533- يىلى بىنا قىلىنغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مىلادىيە 1735- يىلى ۋە 1988 - يىللىرى چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان. مەسچىتنىڭ ئالدى كەڭ كەتكەن پېشايۋان بولۇپ، ھەر خىل گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن 60 تالدىن ئارتۇق ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن تىرەلگەن. ھازىر ئاستى سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان. بۇ مەسچىت يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قەبرىستانلىقى — ئالتۇنلۇقنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

### ساڭ جامەسى

بۇ جامە پوسكام ناھىيەسىنىڭ تۇغچى يېزا ساڭ كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، پوسكام ناھىيەسىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

پوسكام تارىخىي ماتېرىياللىرى ۋە يەرلىك پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ

مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ جامە ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 1880 - يىللىرى قاسىم داموللاھاجى دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ياسالغانىكەن. مىلادىيە 1900 - يىلىغا كەلگەندە ئىسلام ھاجى بىلەن توختىنىياز ھاجى دېگەن كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلىپ، جامەنى كېڭەيتكەن ۋە بۇ يەرگە مەدرىسە سالدۇرغان. تۇرپان، كۇچا، يەكەن، خوتەن، گۇما قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانىكەن، 1987 - يىلى مەدرىسە قايتا رېمونت قىلىنغان.

بۇ جامە ئۈستى ياغاچ قۇرۇلمىلىق، پىششىق خىش (ئۆلچىمى 36×18×8 سانتىمېتىر) ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خام كېسەك بىلەن ياسالغان. ئۈنىڭغا ھەر خىل نەقىشلەر، ئەگمە گۈللەر، تەكچە - مېھرابلار چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ يۇقىرى قۇرۇلۇش ماھارىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## 2. داڭلىق مازار - زىيارەتگاھلار

شىنجاڭدا ئىسلام دىنىدىكىلەر شەيخ، پىر - ئەۋلىيا ۋە دانىشمەن ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسىنى ياكى خاتىرە ئۆچۈن ياسالغان قەبرىلەرنى «مازار» دەپ ئاتايدۇ. «مازار» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «تاۋاپ قىلىدىغان جاي»، كۆچمە مەنىسى «پەيغەمبەر قەبرىسى»، «ئۇلۇغلار قەبرىسى» دېگەن بولىدۇ. جۇڭگو خۇيزۇلىرى پارس تىلىدىكى «گۈمبەز» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. شىنجاڭدىكى مازارلارنىڭ تارىخى ئۇزاق. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇسۇلمانلار مازار بەرپا قىلىشقا باشلىغان. بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى مازار — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ غازات ئۇرۇشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن مازارلار شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. شىنجاڭدا مازارلارنىڭ تۈرى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى رەھبەرلىرىنىڭ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مازارلىرى، دىنىي تەرغىباتچىلارنىڭ ۋە غازاتتا شېھىت

بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ مازارلىرى بار. يەنە ھايۋان، ئۆسۈملۈك ناملىرى بىلەن ئاتالغان مازارلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئىپتىدائىي دىندىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شىنجاڭ مازارلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدۇر، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ئەڭ كۆپ. مازارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەۋە بولغان قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە سانىغا قاراپ ئوخشاشمايدۇ. ئومۇمەن، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. چوڭ تىپتىكى مازارلارنىڭ كۆلىمى چوڭ، قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرى كۆپ، نۇرغۇنلىرى ئاستى چاسا، ئۈستى قۇببىلىك قۇرۇلۇشلار، ئادەتتە شەھەر ـ بازارلارغا ياكى شەھەر سىرتىدىكى ھاۋالىق، مەنزىرىلىك جايلارغا قۇرۇلغان. ئوتتۇرا تىپتىكى مازار قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى قەبرىلەر قاتۇرۇلغان، ئادەتتىكى تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەرمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى ئاددىي، يەنە مەسچىت قاتارلىق قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرى بار، بۇنداق مازارلار كۆپىنچە يېزا ـ كەنتلەردە ياكى چۆل سەھرالاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. كىچىك تىپتىكى مازارلاردا قەبرىمۇ قاتۇرۇلمىغان ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرىمۇ يوق، قەبرە ئورنىدا تاش ـ توپىلار دۆۋىلەپ قويۇلغان ياكى كېسەك قەبرە قاتۇرۇلغان، بۇلار ئەڭ كۆپ بولۇپ كەڭ تارقالغان. مازار شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىسلام بىناكارلىقىغا كىرىدۇ، يەنە مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئىشان مەزھىپىدىكىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى. مازار شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، كىشىلەر ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىشىدۇ. مازارغا تاۋاپ قىلىش ئادىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىنتايىن ئەۋج ئالغان.

### سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ــ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى. يەرلىك خەلقلەر «ھەسسۇلتان (ھەزرىتى سۇلتان) مازىرى»

دەپ ئاتايدۇ. ئۇرنى ئاتۇش شەھىرى ئەتراپىدىكى سۇنتاغ يېزىسىدا. 955 — 956 ـ يىللىرى (ھىجرىيەنىڭ 344 ـ يىلى) سېلىنغان، شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مازار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى مازار ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن توققۇز گۈمبەزلىك ئېگىز مازار سېلىنغان. بۇ مازار يەكەن خانلىقى دەۋرىدە كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان، شۇ چاغدا قايتىدىن بىر كىچىك مازار سېلىنغان. 1872 ـ يىلى چوڭ كۆلەمدە قايتا ياسالغان ۋە كېڭەيتىلگەنىكەن. 1944 ـ يىلى كەلكۈن ئاپىتىدە يەنە ۋەيران بولغان. 1956 ـ يىلى بۇ مازار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىي شەكلى ئۆزگەرتىلمەي قايتا ياسالدى. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 20 مو، مازار، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا، كۆل قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. نامازخانا 1902 ـ يىلى رېمونت قىلىنغان، توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، چاسا، تۈز ئۆگزىلىك، 57 تال نەقىش ئويۇلغان تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەقبەرە خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئاستى چاسا، ئۈستى قۇببىلىك، ئۈچ تەرىپىدىن مېھرابسىمان دېرىزە قويۇلغان. تام يۈزى خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان كۆپ خىل گېئومېترىيەلىك شەكىللەر بىلەن نەقىشلەنگەن بولۇپ، نەقىشلەرنىڭ سىزىقلىرى ئېنىق، شەكىللىرى كۆركەم. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ياغاچ سالاسۇن ئىچىگە ئېلىنغان بىر قەبرە بولۇپ، بۇ قەبرە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئاقارتقۇچىسى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ قەبرىسى. سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئىناۋىتى بار. 15 ـ ئەسىردىن بۇيان غوجا، ئىشانلار بۇ مازارغا كۆپلەپ كېلىپ تاۋاپ ۋە ئىستىقامەت قىلىشقان. ھازىرغىچە تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق.

### ئوردام مازىرى

ئوردام مازىرى — 10 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەبرىسى، ئۇرنى قەشقەر يېڭىشەھەر

ناھىيەسىدە. بۇ مازارنىڭ «ئوردام مازىرى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئەلى ئارسلانخان تەختتىكى ۋاقتتا ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن ئۇرۇشقان بولۇپ، ئۇرۇش جەريانىدا مۇشۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ، ۋاقىتلىق ئوردا قىلغانىكەن. 998- يىلىنىڭ بېشىدا (ھىجرىيە 388- يىلى 1- ئايدا) ئەلى ئارسلانخان ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غازاتتا شېھىت بولغان تۇنجى خاقانى بوپتۇ. 14- ئەسىردىكى جەمال قارشىنىڭ «(سۇرراھ) لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ئاپىرىپ خاقان مەقبەرىسىگە يەنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى «ئارسلانخان مازىرى» غا دەپنە قىلىنغانىكەن. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ مازاردا پەقەت ئەلى ئارسلانخاننىڭ باش سۆڭىكى بار ئىمىش، تېنى ئۇنىڭ جەڭدە شېھىت بولغان يېرىگە دەپنە قىلىنغانمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر مازارنىڭ 40 نەچچە ئادەم باشقۇرىدىغان خېلى كۆپ ۋەخپە يېرى بولغانىكەن. ئەسلىي ئورنىنى ئاللىقاچان قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ، 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتە كېلىدىغان بىرلا قۇم دۆۋىسىدىن باشقا ھېچقانداق قەبرە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار قاداپ قويغان تۇغ - شەددىلەر بىلەن قورشىلىپ تۇرغان ئېگىز تۇغ تۇراسى بار. تۇغ تۇراسى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، ئاستىنىڭ دىيامېتىرى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر. مازاردىن ئارىلىقى 2000 مېتىر كېلىدىغان جايدا بىر تۈزلەڭرەك كەلگەن ئويمان يەر بولۇپ، مازارنىڭ قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرى — بىر مەسچىت، بىر خانىقا، شەيخ تۇرىدىغان ئون ئېغىز ئۆي ۋە ئىككى تۇغ تۇراسى بار. خانىقا كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، يېرىمى كۆمۈلۈپ قالغان، ئىچىدە يېنىغا تۇغ قادالغان بىر ئورەك بار. قۇربانلىق قىلغۇچىلار دائىم مۇشۇ يەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئورەكنىڭ ئىچىگە قان قىلىدىكەن. كەينى تېمىغا يېقىن يەرگە ئۇماچ قاينىتىدىغان ئۈچ مىس قازان قويۇلغان، ئەڭ چوڭىنىڭ دىيامېتىرى 2 مېتىر كېلىدۇ، قازاننىڭ گىرۋىكىدە ئويۇلغان خەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قازان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

ياسالغانىكەن. ئوردام مازىرى «ئۇلۇغ قەبرە» دەپ قارىلىدۇ، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەسىرى ئەڭ چوڭ، تاۋاپ قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ مازارلارنىڭ بىرى.

### مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى

مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى — 11 - ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى. بۇ «ھەزرىتى موللام مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ، تولۇق نامى «ھەزرەت موللا شەمسىددىن بىن مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى» . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا. 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ۋە قەبرىلا ساقلىنىپ قالغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۆۋرۈك شەكلىدە پەشتاق سېلىنغان، ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتكە تەۋە. قەبرە دەرۋازىدىن 50 مېتىرچە يىراقلىقتا، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۈگزىسى تۈز، تورۇسى رەڭلىك رەسىم ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تۆت تېمىدا پارسچە يېزىلغان بېغىشلىمىلار بولۇپ، ھازىر تونۇغىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە بىر خارابە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ بىر مەدرىسەنىڭ خارابىسى ئىكەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدىكى مۇشۇ مەدرىسەدە باش مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن، ئەسلىي بىر قەبرە تېشى بار بولۇپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەزكۇر مازار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن سوپىلارمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىشىدۇ، مەزكۇر مازار يېقىنقى يىللاردا تولۇق رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى.

### يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس

ھاجىپنىڭ قەبرىسى، ئورنى قەشقەر شەھىرىدە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەردە مەشھۇر ئىلمىي ھېكمەت خاراكتېرلىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى پايناپقا دەپنە قىلىنغان. كېيىن نەچچە قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە يولۇقۇپ، ھازىرقى جايىغا كۆچۈرۈلگەن. مازار ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى تام يۈزىگە يېشىل سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان، ئالدى قىسمى نامازخانا. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ خارابىگە ئايلىنىپ، كىشىلەر بىلەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، 50 - يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تارقىلىشى ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تىزىملىكى» دە قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەبرىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ خاتا بېكىتىپ قويغان. 1980 - يىللارغا كەلگەندىلا مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1986 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتا ياساتتى.

**يۈسۈپ قادىرخان مازىرى**

يۈسۈپ قادىرخان مازىرى — 11 - ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەردارى، «خوتەننى بويسۇندۇرغۇچى» يۈسۈپ بىن ھەسەن قادىرخاننىڭ قەبرىسى. ئورنى قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە. 1032 - يىلى ياسالغان،

كېيىن كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەيتىلگەن. ھازىرقى قۇرۇلۇشقا چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 13 ـ يىلى (1874 ـ يىلى) ئۇل سېلىنغان. ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەۋە. قەبرە، نامازخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. قەبرە ئارقا ھويلىغا جايلاشقان بولۇپ، خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئاستى چاسا، سىرتقى يۈزىگە تېگى كۆك ئاق گۈللۈك سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان؛ ئۇستى گۈمبەز بولۇپ، سىرتقى يۈزىگە ئاقۇچ يېشىل سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان. نامازخانا خىش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى نامازخانىلاردىن تەشكىل تاپقان. تاشقىرىقى نامازخانا تۈز ئۆگزىلىك، ئىچكىرىكى نامازخانا قۇببىلىك. دەرۋازا ۋە قەبرە ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپى، قورۇنىڭ تۆت بۇرجىكى قاتارلىق جايلاردا ئون پەشتاق مۇنارى بار. پەشتاقلارنىڭ ئۇستى قۇببىسىمان راۋاقتىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى بىردەك ئەمەس. پۈتۈن قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى رەتلىك، ئېگىز ـ پەسلىكىدىن دەرىجىسى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ، قويۇق ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبىغا ئىگە.

## ئارسلانخان مازىرى

ئارسلانخان مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى، ئارسلانخان كەنتىگە جايلاشقان.

ئارسلانخان ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى بولۇپ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە (998 ـ يىلى) بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قازا قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، تېنى جەڭ مەيدانى بولغان ئوردام مازىرىغا، بېشى ھازىرقى ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.

## بۇۋى مەريەم مازىرى

بۇۋى مەريەم مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدىكى

بەش تـوغراق كەنـتىگە يەنـى يېڭىا مەركىزىنىـڭ 3.9 كىلومېتىر شـەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ مازارغا قاراخـانىيلار خانلىقىنىـڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كەنجى قىزى (ئەلانۇر خېنىمنىـڭ سىڭلىسى) بـۇۋى مەريەم خېنىم دەپنە قىلىنغانىكەن.

مازار پىششىق خىش قۇرۇلمىلىـق بولـۇپ، قەبـرە ئـۆي (قەبرىگـاھ)، گۈمبەز ۋە بۆشۈكلۈك قەبرىدىن تەركىب تاپقان. گۈمبەزنىڭ ئاستى يـۇزى چاسا شەكىلدە، تۆت بۇلۇڭىغا تەكچە چىقىرىلغان، ئاسـتى ئۇلىنىـڭ 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان جايىغا 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى چاسـا ياغاچ باسـتۇرما قىلىنغـان. گۈمبەزنىـڭ ئىـشىكى جەنۇبقـا قـاراپ تۇرىــدۇ، ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر، كـەڭلىكـى 70 سـانتىمېتىر، خىشنىڭ ئۆلچىمى 28 × 13 × 5.5 سـانتىمېتىر كېلىـدۇ. غەربـىي تامغـا مېھـراب شـەكلىدە ياغــاچ پەنجىــرە ئورنىتىلغــان. گــۈمبەزدىكى بۆشــۈكلۈك قەبــرە دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، جەنۇب شىمال يۆنىلىشىدە، ئۇنىـڭ ئۇزۇنلـۇقى ئـۈچ مېتىـر، كەڭلىكـى ئىككـى مېتىـر كېلىـدۇ. گۈمبەزنىـڭ غەربـىي جەنـۇب بۇرجىكىگە نۇرغۇن ساپال چىراغ ۋە چوڭ تاشلار قويۇلغان، دەرەخلەرگە رەخت پارچىلىرى ئېسىلغان. ھازىر ھەر چارشەنبە كـۈنى ئاياللار كېلىـپ مازارغـا تـاۋاپ قىلىـپ، چىـراغ ياقىـدۇ، تاشـلارنى قۇچاقلايـدۇ. رىـۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنداق تاۋاپ قىلىش تۇغماس ئاياللارنىـڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىكەن. بۇ مازار غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىـر قىـسىم سـاياھەتچىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلـپ قىلىـدۇ. ئۇلار «بـۇۋى مەريەم» دېـگەن نـامنى ھـۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ.

### قىزىلچى مازىرى

قىزىلچى مـازىرى قەشقەر مەكىـت نـاھىيە بازىرىنىـڭ 36 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى قىزىلئاۋات يېزىـسى قىزىلچى كەنتىنىڭ شـەرقىي شـىمال قىسمىغا توغرا كېلىدىغان دۆڭلۈك ئۈستىگە جايلاشقان بولـۇپ، ئومـۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 5000 كىۋادرات مېتىـر ئەتراپىـدا كېلىـدۇ. مازارلىقنىـڭ شـەرقىي تەرىپـى جاڭگاللىققا، قالغـان تەرەپلىـرى كەنـت مەھەللىسـى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرگە تۇتىشىدۇ. مازارلىقتا چوڭ ـ چوڭ تـوغراقلار بـار، يەنە

يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

مازارلىق ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن. غەربىي جەنۇبى بۆلىكى بىرقەدەر چوڭ كۆلەمدە بولۇپ، ھەممىسى يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىبارەت. مازارلىقنىڭ شەرقىي شىمال بۆلىكى كىچىكرەك كۆلەمدە بولۇپ، مەركىزىي قىسمىدا چوڭ بىر قەبرە بار. بۇ قەبرە چوڭلۇقى 4×4.5 مېتىر كېلىدىغان قەبرە سۇپىسى ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان، قەبرىنىڭ باش تەرىپى (شىمال تەرىپى) دە بىر تۇپ قېرى توغراق بار. قەبرە بېشىدىكى توغراقنىڭ يۇرۇنقى چوڭ غوللىرى قۇرۇپ كېتىپ، يېڭىدىن چىققان شاخلىرى قالغان بولۇپ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 10 — 13 مېتىر، ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 7.2 مېتىر كېلىدۇ. كىشىلەر توغراق شاخلىرىغا ھەر خىل ئەلەملەرنى ئېسىپ قويغان.

قىزىلجى مازىرىنى كىشىلەر «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. مازارنىڭ تەزكىرىسىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازارلىققا قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكىسى ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ھەمراھى دەپنە قىلىنغان. ئەينى چاغدا ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۇپپارلار (دىنسىزلار) تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان. مازارلىق شۇ خېنىمنىڭ نامى بىلەن «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، مەلىكە ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغان. قىزىلجى مازىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ ھۇۋقۇش دۆڭ كەنتىدىكى «قارا ساقاللىق ئاتام مازىرى»، شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ قازانكۆل كەنتىدىكى «قويلۇق ئاتام مازىرى» ئەنە شۇ قىزىلجى خېنىمنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مازارلىرى ئىكەن.

ئۇزاقتىن بېرى يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر ئالايىتەن بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە.

قىزىلجى مازىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى تەزكىرىسى (رىۋايىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ) گە ئاساسەن، قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ۋە قاراخانىيلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان

زاتلارنىڭ قەبرىسى (مازارلىقى) بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا. بۇ مازارلىقتىكى قەدىمىي قەبرە ۋە قىبرى تۇغراق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## چىلتەن مازىرى

چىلتەن مازىرى (چىلتەنلىرىم) ــ ئۇرنى يەكەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە. چىلتەن «چېھل تەن» (پارسچە) «قىرىق جەسەت» دېگەن مەنىدە. مازارنىڭ نامى بىلەن مازار تۇغرىسىدىكى رىۋايەت بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. رىۋايەتتە مازارنىڭ غوجايىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا دىن تەرغىب قىلغىلى كەلگەن يەتتە نەپەر ئەرەب مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاشلا مۇھەممەد ئىكەن (يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئابدۇللا ئىشان خوجىنىڭ يەتتە مۇرىتى ئىكەن)، شۇڭا يەنە «يەتتە مۇھەممەدنىڭ مازىرى»، (ھەفتە مۇھەممەدان مازىرى)، «يەتتە ئەۋلىيا مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ. مازارنىڭ سېلىنىغان ۋاقتىمۇ ئېنىقسىز. مەزكۇر مازار تۇغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 16 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن مۇسۇلمان تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابىدا: «يەكەن قەبرىلىرىدىكى قەدىمكى كىشىلەر دىنىنى تەرغىب قىلمىغان. بىراق، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرگە يەتتە ئەۋلىيا دەپنە قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىدۇ»، «بۇ يەتتە ئەۋلىيانىڭ ھەممىسى مەشھۇر كىشىلەر» دەپ يېزىلغان. موگغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ سەردارى مىرزا ئابابەكرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە (1468 — 1514 ـ يىللىرى) ۋە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە (1865 — 1877 ـ يىللىرى) بۇ مازار رېمونت قىلىنغان. مازار قەبرە، مەسچىت، مازارخانا، دەرۋازىدىن تەشكىل تاپقان. قەبرىنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر، ئۇيغۇر بىناكارلىقىغا تەۋە. مەقبەرە ئىچىدە يەتتە قەبرە بار. قەبرە ئالدىدا كەشكە ئوخشايدىغان بىر تاش بولۇپ، بۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاياغ

ئىزى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەسلىي مازاردا كۈمۈش بىلەن قاپلانغان بىر قوتا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ (يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمام رەببانىنىڭ) ساقىلى ساقلانغان دېيىلىدۇ. 1958 ـ يىلى بۇ قوتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇلغانىكەن، كېيىن ساقال يوقىلىپ كېتىپتۇ.

### ئاپاق خوجا مازىرى

ئاپاق خوجا مازىرى ــ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كاتتىبېشى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى. «ھەزرەت مازىرى»، «خوجا مەقبەرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر توقال خانىشى ئىپارخان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن يالغان گەپ تارقالغانلىقتىن، بەزى كىشىلەر «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، 1670 ـ يىلى ياسالغان. ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا يۈسۈپ دەپنە قىلىنغان چاغدا دائىرىسى چوڭ ئەمەس ئىكەن، 1694 ـ يىلى مازار قارا تاغلىقلارنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجا نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، نەچچە تۈمەن مەدىكارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ مازارنى ياساتقانىكەن. كېيىنكى يىلى ئاپاق خوجا قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىناۋىتى ھېسابقا ئېلىنىپ، مازار شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. 1811 ـ يىلى كېڭەيتىلگەندە، مەقبەرە چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرۋازا راۋىقى ياسالغان. 1874 ـ يىلى قوقەندلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مازار ئوتتۇرا ئاسىيا مازارلىرىنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن گۈمبەز، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا راۋىقى، مۆتىۋەللىنىڭ ياتىقى،

سەرراپ، سۇنئىي كۆل قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا بىر گەۋدە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇكەممەل بىر پۈتۈن ئىمارەتنى تەشكىل قىلىدۇ. گۈمبەز بۇ ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مەقبەرىنىڭ شەرقىدە تۇرىدۇ، بۇ ئىمارەت ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەۋە. ئاستى تۆت بۇرجەك، كەڭلىكى 35 مېتىر، بويىغا ئىچكىرىلىكى 29 مېتىر، ئۈستى قىسمى دىيامېتىرى 17 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۈمبەز بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 26 مېتىر. گۈمبەزنىڭ ئاستى كەڭ قەبرىخانا بولۇپ، ئىچىدە ئاپاق خوجىنىڭ بەش ئەۋلاد جەمەتىدىن 72 كىشىنىڭ قەبرىسى (ھازىر ساقلانغىنى 58 قەبرە) رەتلىك تىزىلغان. گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە يېرىمى تامغا كىرگۈزۈلۈپ سېلىنغان تۆۋرۈكسىمان پەشتاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدىغان پەلەمپەي بار. پۈتۈن گەۋدىسى ئاقۇچ يېشىل ئارىلاشقان كۆك رەڭدە، سىرىق سىرلانغان ساپال خىشلار چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ھېيتجاي جامەسى مازارنىڭ غەربىدە. نامازخانىنىڭ تەكشىلىكتىن كۆرۈنۈشى پېتىنقى بولۇپ، ئوتتۇرا نامازخانا ۋە ئوڭ ـ سول نامازخانىنىڭ ئوتتۇرىسى مېھرابسىمان ئىشىك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆگزىسى 19 دانە يانتۇ لىم قويۇلغان دۈگىلەك ئۆگزە، پۈتۈن قۇرۇلۇش خىش بىلەن سېلىنغان. چوڭ نامازخانىنىڭ دەھلىزىدە ئۈچ قاتار قويۇلغان، نەقىش ئويۇلغان 70 تىن ئارتۇق تۈۋرۈك بار، ئۆگزىسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان. مەزكۇر مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقى ئىچىدە بىرقەدەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. 1948 ـ يىلى مازارنىڭ چوڭ گۈمبىزى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان. 1988 ـ يىلى بۇ مازار «مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلدى ھەم ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، 1874 ـ يىلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ياساتتى. كېيىن يەنە ئۇزۇكسىز رېمونت قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مازار جۇڭگو بىناكارلىقىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مۇسۇلمان قەبرىستانلىقىدۇر.

## ئالتۇنلۇق مازار

ئالتۇنلۇق مازار (ئامانىساخان مەقبەرىسى) ـ بۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتى ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى، ئورنى يەكەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. ئالتۇن كۆچمە مەنىدە «ئىپسل»، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «ئالتۇن» دەپ ئاتالغان مازارلار مازاردا ياتقۇچىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ مازار 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى سېلىنغان، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. ئەسلىي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى بەك چوڭ بولۇپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى. ھازىر پەقەت بىرنەچچە ئون توپا قەبرە ساقلىنىپ قالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان ئۈچ قەبرە بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىسھاق خوجا (ئەمەلىيەتتە ئۇ سەمەرقەنتكە دەپنە قىلىنغان) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا سەئىدى، نەۋرىسى يەھيا خوجىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. بۇ يەردە قوشۇمچە ئىمارەتلەردىن كېيىنكى ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىت ئىچىدە ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر كېلىدىغان تاش ئابىدە بار ئىدى، ئابىدىگە ئالتۇن مازار ۋە مەسچىتنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەھۋاللار ئويۇپ يېزىلغان. 1935 ـ يىلى تاش ئابىدىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېلىپ كەتكەنىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەزكۇر مازاردىكى بەزى قەبرىلەر قايتا رېمونت قىلىنىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ رەپىقىسى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى توپلاپ رەتلىگەن ئامانىساخاننىڭ قەبرىسى يېڭىدىن ياسالدى.

## ئابدۇرەھمان ۋاڭ مازىرى

ئابدۇرەھمان ۋاڭ مازىرى ـ بۇ مازار يەكەن ناھىيەسىنىڭ

تومئۆستەڭ يېزىسى جايىبرەك كەنتكە جايلاشقان. ئۇ بىرلا قەبرىگاھ بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 100 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئابدۇرەھمان ۋاڭ ئۇچتۇرپان بەگلىرىدىن خوجەس بەگنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، مىلادىيە 1797 ـ يىلىدىن 1809 ـ يىلىغىچە يەكەندە ۋاڭ بولغان. ئۇ، ئەقىدە ـ ئىخلاسى كۈچلۈك، ئىنئام ـ ئېھسانلىرى كۆپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھېرىسمەن ئادەم بولۇپ، موللا ـ ئۆلىما، فازىل كىشىلەرگە كۆپ خەيرخاھلىق قىلغان. 40 مىڭ سەر ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىلىپ «موي شېرىپ خانىقاسى» نى ياساتقان، 1805 ـ يىلى خانىقانىڭ جەنۇب تەرىپىدىن يەر سېتىۋېلىپ، ھازىرقى مازارنى ياساتقان، 1809 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان.

ئابدۇرەھمان ۋاڭ مازىرى گۈمبەز تورۇسلۇق، پىششىق خىشتا ياسالغان بولۇپ، مازارنىڭ سىرتقى يۈزى ھەر خىل رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىچ يۈزى گەجلىنىپ، نەقىشلەر، ئايەتلەر ئويۇلغان. مازار ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

## ھەزرىتى بېگىم مازىرى

بۇ مازار يېڭىسار ناھىيەسىدىكى ساغان يېزا بازىرىنىڭ 27.6 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 22″ '34 °76 — 23″ '34 °76 بىلەن شىمالىي پاراللېل 06″ '47 °38 — 07″ '47 °38 قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1260 مېتىر، كۆلىمى 160 مىڭ كىۋادرات مېتىر.

بۇ مازار قۇملۇق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 5 مېتىر كېلىدىغان تۆۋ ـ شەددىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان. ئەتراپىدا ھېچقانداق قۇرۇلۇش يوق. تۇغنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدىغان جايدا تاماق ئېتىدىغان بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ، ئۆي ئىچىدە ئوچاق بار، بۇلار تاۋاپقا كەلگەن كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن ئاشلىق، يېمەكلىكلەرنى

پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن. يەرلىك شەيخلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى باشلىقى بولۇپ، خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا شېھىت بولغان، بۇ مازار شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن «ھەزرىتى بېگىم مازىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. مازارنىڭ ئەل ئىچىدە نامى ئۇلۇغ بولۇپ، ھەر يىلى ئوردام مازىرى (ئوردىخان پادىشاھىم مازىرى) غا بارىدىغان نەچچە 10 مىڭ كىشى مۇشۇ مازارنى ئاۋۋال تاۋاپ قىلىپ ماڭىدىكەن.

### غوجا مۇھەممەد شەرىپ مازىرى

بۇ مازار يەكەن ناھىيەسى گۈلباغ يېزىسى ھەزرىتىپىر كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 77°14′33″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°25′6″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1233 مېتىر، كۆلىمى 500 كىۋادرات مېتىر.

مازار دەسلەپتە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 ـ خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن مىلادىيە 1566 ـ يىلى ياسىتىلغان. ھىجرىيەنىڭ 1222 ـ يىلى (مىلادىيە 1807 ـ يىلى) يەكەننىڭ ھۆكۈمدارى يۇنۇس ۋاڭ تەرىپىدىن قايتا ياسىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن.

غوجا مۇھەممەد شەرىپ ئۆزبېكىستاننىڭ سايرام دېگەن يېرىدىن بولۇپ، مىلادىيە 1536 ـ يىلى يەكەنگە كەلگەن ھەم ئەينى چاغدىكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا شەيخۇلئىسلام بولۇپ، مىلادىيە 1558 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مازار چوڭ دەرۋازا، قەبرىگاھ، مەسچىت، تونەكخانا، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا قاتارلىق بىرقانچە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەتراپىدا يەنە بىرقانچە كىچىك مازار ۋە مەسچىت بار. قەبرىگاھ تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى گۈمبەزلىك. ئۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ يۈزى ھەم قەبرىگاھنىڭ سىرتىغا رەڭلىك كاھىشلار چاپلانغان. مازار

ئىچىدىكى مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇنەكخانا، تىلاۋەتخانا قاتارلىقلار ۋاسا جوپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. ئالدى تەرەپتىكى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈك، لىملىرىغا نەقىش ئويۇلغان. تۇنەكخانا ۋە تىلاۋەتخانىنىڭ تېمىنىڭ ئىچى تەرىپى رەڭلىك گۈل - گىياھ رەسىملىرى، گۈللۈك خىش ۋە گەج ئويما نەقىش قاتارلىقلار بىلەن بېزەلگەن، ئايەت، مەدھىيە سۆزلىرى ۋە نەسەبنامىلەر رەڭلىك ھۆسنخەتلەر بىلەن يېزىلغان. بۇ يېزىقلار پارسچە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مازارنىڭ بىنا قىلىنىش ئەھۋالى، ۋاقتى ۋە مازار ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بىلگىلى بولىدۇ.

## جاللات خېنىم مازىرى

بۇ مازار يەكەن ناھىيەسى بازارلىق ھۆكۈمەت 8 - ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 77°15′46″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°24′39″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1224 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 79 كۋادرات مېتىر.

مازار ئانچە چوڭ بولمىغان ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ئىچىدە بولۇپ، قۇرۇلۇشى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك ئەمەس. پەقەت ئادەتتىكى بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ قەبرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، ئىگىلىنىشىچە قەبرىنىڭ ئىگىسى ئاپاق خوجىنىڭ ئايالى (يەكەن سەئىدىيە خانلىقى خان جەمەتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەۋە بىر ئايال) بولۇپ، مازار ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن، ۋاقتى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

## ئوقۇر مازار

بۇ مازار مارالبېشى ناھىيەسىدىكى تۇمشۇق 51- تۇەن ئويقوتان كەنتىنىڭ تەخمىنەن 6 كىلومېتىر شەرقىدىكى ئوقۇر مازار تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 78°58′6″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°52′49″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن

ئېگىزلىكى 1104 مېتىر، كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىر (بۇ، مازار ئىچىدىكى ئاساسىي قەبرىنىڭ كۆلىمى بولۇپ، ئومۇمىي مازارنىڭ كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ).

مازار تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە 8.1 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 8.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.2 مېتىر كېلىدۇ؛ خام كېسەك بىلەن يۇمىلاق گۇمبەز چىقىرىپ ياسالغان. تۆت تەرەپتىكى تامنىڭ ھەربىر تەرىپىگە تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى كىچىك ئىشىك ئورنىتىلغان. ھەربىر ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 مېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە تامنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۈۋرۈك قويۇلغان، تامنىڭ ئىچى - سىرتى كاكۇل بىلەن سۇۋالغان. مازارنىڭ (قەبرىگاھنىڭ) ئوتتۇرىسىدا بىر قەبرە بار. كىشىلەر بۇ مازارنى يەنە «قەلەمدار بەگ مازىرى»، «دەۋران بەگ مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. يىل دەۋرى مىلادىيە 15- ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

## ئاخۇنلۇقۇم مازىرى

ئاخۇنلۇقۇم مازىرى يوپۇرغا ناھىيە ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 77°09′28″ — 77°09′29″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°10′22″ — 39°10′23″ قا توغرا كېلىدۇ. مازارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1180 مېتىر بولۇپ، كۆلىمى 1500 مو.

خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، موللا رەھىم غوجا ۋە خان پاشا غوجام دېگەن ئىككى كىشى بۇخارادىن ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ئىسلام دىنى تارقىتىش، تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن مەشغۇل بولغانىكەن. ئۇلار ئەينى چاغلاردا يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ موغال دېگەن يېرىگىمۇ كېلىپ دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە موللا رەھىم غوجا بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، ناھايىتى زور ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشكەن. كېيىن، ئۇ ئاقسۇدىكى تاغىسى خان پاشا غوجامنىڭ

ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا يولغا چىقىپ، ھازىرقى ئاخۇنلۇقۇم دېگەن جايدا تۇيۇقسىز غايىب بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇن «ئاخۇن ئۇلۇغ» دەپ تەرىپلەنگەن ھەمدە بۇ يەردە مازار شەكىللەنگەن. بەزىلەر يۇقىرىقى ۋەقە ۋە ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا، بۇ مازارنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 14 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. لېكىن، مازارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوقۇر شەكىلدىكى ياغاچ قەبرىلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى تېخىمۇ ئۇزاق بولۇشى مۇمكىن. بۇ مازار 1997 ـ يىلى يوپۇرغا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ناھىيە دەرىجىلىك ئوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

### قوچقار ئاتام مازىرى

بۇ مازار يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ ئاچچىق يېزا 4 ـ كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىر دائىرىسى 100 مودىن ئاشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 998 ـ يىلى خوتەن بۇددىست قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان قاراخانىيلار قوشۇنى ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمىنىڭ جەسىتى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنىش بىلەن بۇ مازار پەيدا بولغانىكەن.

بەزى ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 1000 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارنىڭ قوچقار ئىسىملىك بىر چەۋەندازىنىڭ باشچىلىقىدا ھازىرقى ئاچچىق يېزىسىدا بارگاھ قۇرۇلغان. تارىخىي كىتابلاردا ئۇنىڭ نامى «قوچقار تېكىن» دەپ ئاتالغان. قاراخانىيلار قوماندانى يۈسۈپ قادىرخان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوتەنگە يۈرۈش قىلغاندا، قەشقەردىن مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنگەن بىر قىسىم بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن قوچقار باشچىلىقىدىكى قوشۇن تۇتۇشۇپ قالىدۇ. جەڭدە قوچقارغا غايىب ئوق تېگىپ ۋاپات بولىدۇ ۋە ئۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ مازار «قوچقار ئاتا» مازىرى دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر ھازىر بۇ مازارنىمۇ خۇددى «ئوردام» مازىرى قاتارىدا

ساناپ، ئايەم كۈنلىرىدە ئالايىتەن تاۋاپ قىلىنىدۇ.

### سەييىدى ھەسەن مازىرى

بۇ مازار تاشقورغان ناھىيەسى دەپتەر يېزىسىنىڭ دەپتەر كەنتىگە يەنى ناھىيەلىك چارۋا مال فېرمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىن 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°28′16″ — 75°28′17″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°09′11″ — 37°09′12″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3800 مېتىر، كۆلىمى 1000 كىۋادرات مېتىر.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مازار مىلادىيە 13- ئەسىردە ئۆمەر ھەمزە دېگەن كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى تاشقورغان تەۋەسىگە كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سەييىدى ھەسەن دېگەن بىرسىنىڭ ۋاپات بولۇپ، دەپنە قىلىنىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، مازار تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر ۋە قەبرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان توسما تامدىن تەركىب تاپقان. تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر كېلىدۇ. تاش دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن قوي مۈڭگۈزى، يەنە ئاتنىڭ باش سۆڭىكى بار. قىسمەن قوي مۈڭگۈزىنىڭ ئۈستىگە ئاق لاتا (ئەلەم) باغلاقلىق. تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە تاشتىن قوپۇرۇلغان قورۇتام بىلەن ئورالغان بولۇپ، تامنىڭ ئېگىزلىكى 1.6 مېتىر، كەڭلىكى 5.4 ۋە 4.8 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر، قېلىنلىقى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قورۇتامنىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر تۆشۈك بار، ئېھتىمال بۇ ئىشىك بولۇشى مۇمكىن. مازارنىڭ ئەتراپىدا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى بار.

### قولچاق مازىرى

بۇ مازار تاشقورغان تىزناپ يېزىسىنىڭ شىمالىغا يەنى چۈشمەن كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°12′33″ — 75°12′34″ بىلەن شىمالىي

پاراللېل ″55′50°37 ــ ″56′50°37 قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3096 مېتىر، كۆلىمى 4000 كىۋادرات مېتىر.
ئۇ، تاجىك خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى قولچاقنىڭ مازىرى بولۇپ، مىلادىيە 1831 — 1836 ـ يىللىرى قوقەند خانلىقى بېسىپ كىرگەندە، ئۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدا تاجىك خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغان. خەلق بۇ مىللىي قەھرىماننى ئەسلەش ئۈچۈن مەزكۇر مازارنى ياسىغان. مازار كېيىن هازىرقى كىشىلەر قەبرىلىرى بىلەن ئورالغان.
قولچاقنىڭ قەبرىسى تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە بولۇپ، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە ئورۇنلاشقان. ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى 1.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ شەرق تەرىپىدە 50 مېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ئۈنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئىزى بولۇپ، بۇ ئۆيلەر خەلق كوممۇنىسى ۋاقتىدا چېقىپ تاشلانغانىكەن.

## 2. قەشقەردىكى مەشھۇر بۇتخانىلار

**يېڭىشەھەر بۇتخانا ئىزى**

بۇ ئىز يېڭىشەھەر ناھىيەسى بازار ئىچى ئاھالىلەر كومىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى ئورۇندا ساقلانغان. بىرى ھەربىي رايون ئىچىدە بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″42′02°76 — ″43′02°76 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″16′24°39 — ″17′24°39 قا؛ يەنە بىرى خەلق دوختۇرخانىسى ئىچىدە بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″52′02°76 — ″53′02°76 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″21′24°39 — ″22′24°39 قا توغرا كېلىدۇ.
بۇ بۇتخانىلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە مىنگو (گومىنداڭ) نىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ياسالغان بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قەشقەردىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولغان. 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئاۋاتلاشقان.

# بەشىنچى باب

# قەشقەردىكى قەدىمكى دىنلار ھەققىدە تەتقىقاتلار

## 1. بۇددا دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا[①]

### تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپلا يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەل ھەم پامىرنىڭ شەرق ۋە غەرب قانىتىدىكى مۇھىم تۈگۈن، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا غەرب - شەرق مەدەنىيىتى ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يىغىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت قەدىمكى قەشقەرنى پامىرنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن بۇددىزم بىلەن ئۇچراشتۇرغان. بىراق، قەشقەر تەۋەسىدە ساقلىنىپ قالغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ناھايىتى ئاز، يەنە كېلىپ يازما ۋە ئارخېئولو- گىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن بۇددا دىنىنىڭ قاچاندىن تارتىپ بۇ يەرگە تارقالغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئامال بولمىدى.

لياڭ دەۋرىدىكى راھىب سېڭ يۇۋ يازغان «راھىبكالانلار تەرجىمھالى» 10 - جىلد «ساڭقاراكشا سۇتراسىنىڭ مۇقەددىمىسى» دە

[①] تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن: «غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2012 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

قەشقەر بۇددىزمى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەلۇمات ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «ساڭقاراكشا شۇلەي (须米) دۆلىتىدىن، راھىبلىققا قول بېرىپ ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىپ يۇرت ئارىلاپ قەندىھار ئېلىگە كەلگەندە، كۇشان خانى قانىشقا ئۇنى ئۇستاز تۇتقان» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى شۇلەي دۆلىتى دەل قەشقەرنى كۆرسىتەتتى. مۇبادا ساڭقاراكشا ئۆز ئېلىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇددا دىنى پادىشاھ قانىشقا دەۋرىدىن بۇرۇنلا قەشقەرگە تارقىلىپ بولغان دېيىشكە بولىدۇ. مىلادىيە 2- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلى بېگى ئەن گو (安国) نىڭ تاغىسى چېن پەن ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ خانى قانىشقا II نىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاقلىقتا تۇرغان. راھىب شۈەنزاڭ، چېن پەننىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ياشىغان ئىبادەتخانىسى ۋە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان جايىنى كۆرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك يۇقىرىقى جايلارنىڭ كاپىسا (kapisa)دا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى يازىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سۇلى بېگىنىڭ تاغىسىنىڭ بۇددا مۇرىتى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. ئەن گو ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ سۇلىغا قايتىپ كېلىپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرغان ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇددىزمنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغان. كىلاپورت خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى تەھلىل قىلىپ، «مىلادىيە 120- يىلى ئۇلۇغ توخرىلار بۇددا دىنىنى قەشقەرگە ئېلىپ كىرگەن» دەيدۇ[①].

ۋەسىقە ۋە بۇددىزمنىڭ تارقىلىش لىنىيەسىگە ئاساسلىنىپ، بۇددا دىنى قەشقەر خانىدانلىقىدا ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىردە تارقىلىپ، مىلادىيە 2- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاللىقاچان تەرەققىي قىلىپ، مىڭئۆي ساڭراملار قېزىلىشقا باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. چېن پەن تۇرغان ئىبادەتخانا ھەققىدە شۈەنزاڭ: «ئۇ يەردە شۇ ۋاقىتلاردا ھىنايانا (‹ھەممىدە بۇددا ئەقىدىسى بار› دېگەننى تەرغىب قىلىدىغان مەزھەپ) مەزھىپىدىكى 300 راھىب ياشايدىكەن. قىشلىقى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى جىناباكتى (cinabakti) دۆلىتىگە بېرىپ

① ستەين: «قەدىمكى خوتەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009- يىلى 7- ئاي (خەنزۇچە) نەشرى، 6- بەت.

تۇرىدىكەن» دەيدۇ. شۈەنزاڭ دەۋرىدە سۇلىدا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارۋاستى ۋىدا ۋىنايا پىرقىسى كەڭ ئەۋج ئالغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، چىن پەن ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنىنىڭ دەل ھىنايانا (hinayana) مەزھىپى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. ئەگەر بۇ پۈت تىرەپ تۇرالىسا، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھىنايانا (hinayana) تەلىماتىنى تەرغىب قىلىشى تەبىئىي ئىدى[①]. داۋ ئەن يازغان «شى ھەزرىتىنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «قەشقەردە بۇددا ھەزرىتىنىڭ يۇيۇنىدىغان كارنۇتى بار ئىكەن، ئۇ سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، تۆت تەرىپى 4 چى كېلىدىكەن، خان ئۇنى ئوردىغا سەدىقە قىپتۇ» دېيىلگەن[②]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كارنۇتىنى چىن پەن ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىپ، خان ئوردىسىغا بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ تېۋىنىشى ئۈچۈن قويۇپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قەشقەردە بۇددا دىنىنىڭ ئېپتىدائىي ئېتىقادىغا ئائىت ساكيامۇنىنىڭ تەۋەررۈك بۇيۇملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، قەشقەر بۇددا دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا تارقىلىشىدىكى تۇنجى بېكەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا كۈسەنلىك مەشھۇر راھىب كۇماراجىۋا (kumarajiva) كەشمىرگە بېرىپ بۇددا ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئانىسى جىۋا (jiva) نى ئېلىپ ئانا يۇرتى كۈسەنگە قايتىش سەپىرىدە، بۇ خانلىقتا تۇرۇپ بۇددانىڭ پاترا (patra) سىغا تاۋاپ قىلغان. ئۇ تاۋاپ قىلىۋېتىپ، بۇ پاترا (patra) شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، ئەجەبمۇ يەڭگىل ئىكەنغۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلغان، بۇ خىيال كېچىپ ئۇزاق بولمايلا، ھېلىقى پاترا (patra) ئېغىرلاپ، كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا مادارى يەتمەي يەرگە قويۇپ قويغان. بۇ چاغدا ئانىسى جىۋا (jiva) ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم سېنىڭ كۆڭلۈڭدە شەك بولغاچقا، پاترا (patra) نىڭ ئېغىرلىقىدا ئۆزگىرىش بولدى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇماراجىۋا (kumarajiva) بۇ دۆلەتتە

---

① «غەربىي يۇرت خاتىرىسىنىڭ شەرھىسى» 984 ـ، 985 ـ بەتلەر.
② «سۇ يوللىرىغا ئىزاھات» （水经注） 2 ـ جىلدتىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

بىر يىل تۇرۇپ، قىشتا «ئابھىدھارما ساتپادا شاستىرا» (Abhidharma Satpada sastra)، «ئېكوتتارىكا ئاگاما» (Ekottarika Agama) قاتارلىق ھىنايانا مەزھىپىنىڭ دەستۇرلىرىنى ئۆگىنىپ، بۇنىڭدىن تولۇق كامالەتكە يەتكەن. سىرامان شى جيەنىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەشقەر خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان، كېيىن خانىنىڭ تەكلىپى بىلەن «دھارما چاكرا سۇترا»دىن راھىبلارغا تەلىم بېرىدۇ. بىكار ۋاقىتلىرىدا، «تۆت ۋېدا»، بەش ئاناسىر نەزەرىيەسى، مۇئەننەر ۋە مۇزەككەر، ئىلمىنۇجۇم قاتارلىق يات دىنلارنىڭ كىتاب دەستۇرلىرىنى ئۆگىنىپ، ياخشى - يامانىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ①. كۇماراجىۋا بۇ بەگلىكتە بۇددا پاترا (patra) سىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 5- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا راھىب جى مېڭ (智猛) مۇ چى شا (奇沙 قەشقەر) دۆلىتىگە بۇددا ساكيامۇنىدىن تەۋەررۇك قالغان پاترانى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ پاترا ھەققىدە: «رەڭگى توق قىزىل، تۆت تەرىپى ئوخشاش بولۇپ، خۇش پۇراق ئىسرىقلارنى سېلىپ تاۋاپ قىلدىم. پېشانەمگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ تىلەك تىلىدىم. پاترا (patra) تىلىكىمنى راۋا قىلغاندەك بىردەم يېنىكلەپ، بىردەم ئېغىرلاپ تۇراتتى. ئېغىرلاشقاندا ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ماجالىم يەتمەي، شىرە ئۈستىگە قويۇشقا تەمشەلگىنىمدە يېنىكلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چىن ئېتىقادىدىن تەسىرلىنىشى مانا شۇنداق ئىدى» دەپ خاتىرە قالدۇرغان②. يۇقىرىقى ئىككى شەخسنىڭ كۆرگەن پاتراسى بىر بولۇشى مۇمكىن. جى مېڭ ئەينى چاغدا يەنە بۇددانىڭ تاشتىن ياسالغان تۈكۈرۈك قاچىسىنىمۇ كۆرگەن. بۇلارنى بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار بۇرۇن، بۇ بەگلىكتىن ئۆتكەن راھىب فا شيەنمۇ شۇ تۈكۈرۈك قاچىسىنى كۆرگەن. راھىب فا شيەن بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ بەگلىكتە بۇددانىڭ چىچى قويۇلغان بىر ستۇپا (stupa، بۇددا مۇنارى)نىمۇ كۆرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

① «لياڭ دەۋرىدىكى راھىب كالانلارنىڭ تەرجىمىھالى» (2- جىلد)، «كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

② «تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ ئاغلىق توملار خاتىرىسى» (15- جىلد)، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرىياتى 1995-يىلى 11-ئاي (خەنزۇچە) نەشرى، 58-بەت.

دېمەك، سۇلى بەگلىكىگە ناھايىتى بۇرۇنلا بۇددا ساكيامۇنىنىڭ تەۋەررۇك مىراسلىرى تارقىلىپ كىرگەن ھەم بۇ ئەل خەلقىنىڭ ياخشى ئاسرىشىغا مۇيەسسەر بولغان. كوماراجىۋا بۇ دۆلەتكە كەلگەندە، قەشقەر خانىنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنى بۇددا دىنى نوملىرىدىن دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ دۆلەت خانىنىڭمۇ بۇددا دىنىنىڭ سادىق مۇرىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، كوماراجىۋا (kumarajiva)نىڭ بۇ دۆلەتتە ئۆگەنگەنلىرى ھەم خانغا سۆزلىگەن نوم - دەستۇرلارنىڭ خاراكتېرىغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىنايانا (hinayana) مەزھىپىگە تەۋە ئىدى. كوماراجىۋا بۇ ئەلدە تۇرغان ۋاقتىدا، يەكەن (yarkand) خانى سەن جۇنىنىڭ ئوغلى سۇرياسوما (suryasoma)نى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ماھايانا (mahayana) مەزھىپىنىڭ ھەقىقىي بوشلۇق شەكىلسىز (真空无相) تەلىماتىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، تەسىرلەنگەن ھالدا: «مەن بۇرۇن ھىنايانا مەزھىپىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمدا ئالتۇننى تونۇماي، ئۇنى مىس دەپ يۈرۈپتىمەن» دەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ۋە «مۇلا-مادھيامىكا - كارىكا شاستىرا» (中论 ، Mulamadhyamaka - karika)، «يۈز شاستىرا» (百论 ، Sata sastra) ۋە «دۋاداسامۇكھا شاستىرا» (十二门论 ، Dvadasamukha - sastra) قاتارلىق دەستۇرلارنى يادلىۋالغان. شۇ ۋاقىتلاردا ماھايانا مەزھىپىدىكى بىر قىسىم راھىبلارمۇ بۇ دۆلەتكە كەلگەن. بىراق، بۇنىڭدىن كېيىن سۇرياسوما (suryasoma) كۇسەن خانلىقىغا بېرىپ ماھايانا مەزھىپىنى تەشۋىق قىلغان، سۇريا سومانىڭ سۇلى بەگلىكىدىن ئايرىلىشى بۇ بەگلىكتە ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئانچە قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، سۇلى خانلىقىدا كۇشانىلاردىن تارقىلىپ كىرگەن ھىنايانا مەزھىپى ئىزچىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دېگەن يەكۈننى چىقىرىمىز.

400 - يىلى فا شيەن جىبي چا (قەشقەرنى كۆرسىتىدۇ) دىن ئۆتكەندە، بۇ دۆلەتنىڭ بۇددىزم ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك خاتىرە قالدۇرغان: «...... بۇ ئەلدە خان پەنجايۇش (بۇددا دىنىدىكى

ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا يىغىلىشنى كۆرسىتىدۇ) پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. پەنجايۇش خەنزۇلارنىڭ ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا يىغىلىشىغا ئوخشايدىكەن. چوڭ يىغىلىشقا ھەرقايسى جايلاردىكى سىرامانلارنى چاقىرىدىكەن. سىرامانلار ياتىدىغان جاينى ناھايىتى كۆركەم بېزەپ، توغ - ئەلەملەرنى ئاسىدىكەن. ئالتۇن، كۈمۈشتىن نېلۇپەر گۈلى مودېللىرى ياسىلىپ، راھىبلار ئولتۇرىدىغان كەينىگە قويۇلىدىكەن. ئورۇندۇقلار ناھايىتى ھەشەمەتلىك، پاكىز ئىكەن. پادىشاھ - ۋەزىرلەر ئەمىر - مەرۇپ بويىچە راھىبلارغا ساخاۋەت بېرىدىكەن. بۇددا يىغىلىشى بەزىدە ئىككى ئاي، بەزىدە ئۈچ ئاي داۋام قىلىدىكەن، كۆپ ھاللاردا كۈز پەسلىدە چاقىرىلىدىكەن. پادىشاھ چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ۋەزىر - ۋۇزرالار راھىبلارغا سەدىقە بېرىدىكەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن، بەش كۈنگىچە داۋام قىلىدىكەن. سەدىقە بېرىش تۈگەل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئېتىغا بەگلىكنىڭ ياشانغان ۋەزىرلىرىنى مىندۈرۈپ ھەم ئۇ ئاتقا ئاق رەخت ۋە ھەر خىل جاۋاھىرات قاتارلىقلارنى، شۇنىڭدەك راھىبلارغا كېرەكلىك نەرسە - كېرەكلەرنى ئارتىپ، ۋەزىرلەر بىلەن بىرلىكتە راھىبلارغا سەدىقە بەرگىلى بارىدىكەن. سەدىقە بېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، راھىبلار قولىدىن ئۇ نەرسىلەرنى پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋالىدىكەن. بۇ ئەلدە ھاۋا سوغۇق بولغاچقا بۇغدايدىن باشقا ئاشلىق پىشمايدىكەن. راھىبلارنىڭ يازلىق ئىستىقامىتى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا قىروۋ چۈشۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، خان ھەمىشە راھىبلارنى بۇغداي پىشىپ، ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن يازلىق ئىستىقامەت قىلىش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرىدىكەن. ئۇ ئەلدە بۇددادىن تەۋەررۈك قالغان بىر دانە تۈكۈرۈك قاچىسى بار بولۇپ، ئۇ تاشتىن ياسالغان ئىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى بۇددانىڭ پاتراسى (patra) غا ناھايىتى ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددانىڭ بىر دانە چىشى بار بولۇپ، خانلىقتىكى كىشىلەر بۇددانىڭ چىشى ئۈچۈن بىر مۇنار (stupa) ياساپتۇ. دۆلەت ئىچىدە 1000 دىن ئارتۇق راھىب بار بولۇپ، ھەممىسى

ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئوتتۇرا ئىقلىمدىكىلەرگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، پەقەت يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلىرىلا پەرقلىنىدىكەن. بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئىشلىتىدىغان بۇيۇملىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىرمۇبىر بايان قىلىشقا ئامال بولمىدى......»[①].

بۇلاردىن شۇ ۋاقىتتىكى سۇلى خانلىقىنىڭ ئۈچ ئەردىنى (trirantna) نى ھۆرمەتلەپ سەدىقە بېرىپ قىزغىن ھىمايە قىلىدىغانلىقى، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى يېتەكلەپ، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە ئىبرەت قىلىپ بەگلىكتىكى ئاۋاملارنى تولۇق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ بەگلىكنىڭ ساپ، تىپىك بولغان ھىنايانا مەزھىپىدىكى بەگلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» سۇلى بەگلىكى ماددىسىدا، گاۋزۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (مىلادىيە 465- يىلى) ئۇلارنىڭ پادىشاھى ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز كېلىدىغان بۇددا ساكيامۇنىنىڭ كاسايا (kasaya) سىدىن بىرنى سوۋغا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن فا شيەن زامانىسىدىكى قەشقەر بېگىدىن كېيىنكى ئىككى ئەۋلاد خانلارنىڭمۇ بۇددا دىنىنىڭ سادىق مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شۇ چاغدا گاۋزۇڭ خان بۇنى بۇددانىڭ كاساياسى، ئاجايىپ كارامەت بولۇشى كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن، ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت ئۈستىگە قويغۇزغانىكەن. ئۇ نەچچە كۈن ئوت ئۈستىدە تۇرغان بولسىمۇ كۆيۈپ كەتمىگەنىكەن. بۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ كېتىپ، كۆڭلىدىن ئىززەت - ھۆرمەت قىلغان ئىكەن[②].

بۇنىڭدىن 20 يىل كېيىن جەنۇبىي ھىندىستاندىن بۇددا راھىبى دىھارماگۇپتا (Dharmagupta) ئوتتۇرا ئىقلىمغا كېلىش سەپىرىدە (تەخمىنەن مىلادىيە 585- يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ)، بۇ بەگلىكتىن

[①] فا شيەن: «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى»، چاڭچۈن نەشرىياتى 1995- يىلى 2- ئاي (خەنزۇچە) نەشرى، 12 — 13- بەت
[②] «غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى — (ۋېينامە، غەربىي يۇرت خاتىرىسى، سۇلى خانلىقى ماددىسى»)غا قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى 12- ئاي نەشرى، 428- بەت.

ئۆتكەن. ئۇلار ئۈچ كىشى بىللە ماڭغان ۋە بەگلىكنىڭ خانى ياساتقان ئىبادەتخانىدا ئىككى يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ، مەزكۇر بەگلىكنىڭ راھىبلىرىغا «نىرۋاندىن قۇتۇلۇش شاستراسى» دىن 2000 مىسرا، «ياتھا بھۇتام شاستىر» («yatha bhutam»)دىن 2000 مىسرا سۆزلىگەن. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ئۈچ دىھارما بۇدداسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، يات مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. كېيىنكىسى بولسا، دۇنيادىكى ھەر تۈرلۈك مۇلاھىزىلەر ھەققىدە سۆھبەتنى كۆرسىتەتتى[①]. دىھارماگۇپتا، ھامايانا ۋە ھىنايانا مەزھەپلىرىنىڭ دەستۇر - ئەھكاملىرىغا ناھايىتى پىششىق ئىدى. ئۇ جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن «ماھاۋايپۇليا جەننەت تەگرىسى ئىشتىكەن سۇترا»، «ماھاۋايپۇليا ماھا سانسىپا بۇدساتۋانىڭ بۇدداغا ئوقۇغان سامادى سۇتراسى» (ئۈچ جىلد)، «ئەمچى بۇرھان تاتھاگاتا ئارزۇ- ئىستەكلىرى سۇتراسى» (بىر جىلد)، «ۋاجرا پىراجنا سۇترا» (ئىككى جىلد)، «بۇددانىڭ ئۇزۇق - تۈلۈك توغرىسىدىكى شاستراسى» (ئىككى جىلد)، «ماھايانا شاستىرالىرىنىڭ ئىزاھى» (10 جىلد) قاتارلىق ماھايانا نوم شاستىرالىرىنى تەرجىمە قىلغان. دىھارماگۇپتانىڭ سۆلىدا ماھايانا مەزھىپىنىڭ نوم - بىتىكلىرىنى سۆزلىگەنلىكىگە قاراپ، سۇلى بەگلىكىدە ماھايانا مەزھىپى ئومۇملاشقان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سۇلىدىكى راھىبلارغا سۆزلىگەن نوم - بىتىكلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماھايانا مەزھىپىنىڭ دەسلەپكى ساۋات خاراكتېرىدىكى دەستۇرلىرى بولغاچقا، شۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ماھايانا مەزھىپى تېخىچە كەڭ تارقىلىپ بولالمىغان دېيىشكە بولىدۇ. «تۇبۇت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 5- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پادىشاھ ۋىجاياسىمھا (ViJayasimha)نىڭ بىكەسى سۇلىك (疏离克shulik) بۇددا دىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلغان، شۇ چاغلاردا ئۇدۇن دۆلىتى ئەزەلدىنلا ماھايانا مەزھىپىنى قوبۇل

[①] «تاڭ دەۋرىدىكى راھىبكالانلار تەرجىمىھالى» (2 - جىلد)، «دىھارما گۇپتانىڭ تەرجىمالى»غا قاراڭ.

قىلغانلىقتىن، بۇ دەۋردە قەشقەرگە تارقالغان بۇددا دىنىدا ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەسىرلىرى بار بولۇش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، بۇ مەزھەپ سۇلى بەگلىكىدە ئوچۇشلۇق تارقىلالمىغان، شۇنداقتىمۇ ئەينى چاغدا بۇ بەگلىكتە ماھايانا مەزھىپىنىڭ دىنىي دەستۇرلىرى تارقالغان. يېقىندا رۇسىيەلىك پېتروۋىسكى (petrovski)مۇ رايونلاردىن قەدىمكى سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان «ساددىھارما پۇنداريكا سۇترا»نىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرىنى تاپقان، نەن تياۋ (南条)، چۈەن (泉) قاتارلىق ئىككى ئەپەندى بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان «سادىھارما پۇنداريكا سۇترانىڭ يېڭى تەرجىمىسى» دېگەن ئىلمىي ئەمگىكىدە بۇنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسى بار.

دىيارما گۇپتادىن كېيىنكى 10 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە، بۇ بەگلىكتە بۇددىزمنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىراق داۋاملىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. 644- يىلى راھىب شۈەنزاڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان:

«چۇشا (佉沙، قەشقەر) دۆلىتىنىڭ زېمىنى 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىكەن. كۆپ قىسمى قۇملۇق، ئېكىن يەر ئاز، دېھقانچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. مېۋە - چېۋە ناھايىتى مول، سېپتا ئىشلەنگەن گىلەم توقۇلىدىكەن. ھاۋاسى مۆتىدىل، يامغۇر-شاماللىرى ناھايىتى تەرتىپلىك. خەلقلىرى قوپال، ھىيلىگەر، ئەدەپ-ئەخلاققا ئېتىبار بەرمەيدىكەن. ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بېشىنى ياغاچ شال بىلەن بېسىپ ياپىلاق قىلغاچقا، تەلەتى سەت، بەدەنلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، چېقىر كۆز كېلىدىكەن. يېزىقى ھىندىستاندىن قوبۇل قىلىنىپ، ئازراق ئىش قوشۇپ ئۆزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. تىلى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىكەن. بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىدىكەن. دۆلەت تەۋەسىدە 100 دىن ئارتۇق ساگرام، 10 مىڭدىن ئارتۇق راھىب بار بولۇپ، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارىۋاستىۋدا (sarvastivada) پىرقىسىگە ئىخلاس قىلىدىكەن. ئەمما، نوم-

دەستۇرلارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەيلا ئۆزلەشتۈرۈۋالىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۈچ ئاغلىق نوم ۋە ۋىبھاسا (vibhasa) قاتارلىقلارنى يادقا بىلىدىغانلار بىرقەدەر كۆپ ئىكەن.»[1]

فا شيەن (法显) دەۋرىدە بۇ دۆلەتتىكى ھىنايانا مەزھىپىدىكى راھىبلار ئاران 1000 دىن ئارتۇق بولغان بولسا، شۈەنزاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، 10 مىڭدىن ئارتۇق، بولۇپ ئىلگىرىكىدىن 10 ھەسسە كۆپەيگەن. بۇنىڭدىن سۈلىنىڭ 200 يىل مابەينىدىكى بۇددىزىم تەرەققىياتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۈەنزاڭ دەۋرىدە سۇلى بەگلىكىنىڭ پۇقرالىرى بۇددا قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۈچ ئەردىنىگە ئېتىقاد قىلىپ، ساۋابلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇددا ئىبادەتخانىسى — ساگرامىلارنى ياساپ، نەچچە يۈزگە يەتكۈزگەن. بىراق، قەشقەر بۇددىزمى سان جەھەتتىن كېڭەيگەن بولسىمۇ، شۈەنزاڭ دەۋرىدە يەنىلا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارۋاستى ۋىدا ۋىنايا مەزھىپى ئومۇملاشقان. ھىنايانا مۇرىتلىرى پەقەت ھىنايانا نوم شاستىرلىرىنى مۇتالىئە قىلغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، قەشقەردە قەدىمدىن تارتىپ ھىنايانا مەزھىپى ئومۇملاشقان بولۇپ، ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئىزناسىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى، شۇڭا ماھايانا مەزھىپىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغان شۈەنزاڭ ئۇلارنى «قوپال، ھىيلىگەر، ئەدەپ - ئەخلاققا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ» دەيدۇ.

شۈەنزاڭ دەۋرلىرىدە قەشقەر بۇددىزمى گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن، بۇ دەۋردىن كېيىن خەلق ئىچىدە ئاخۇرامازدا (ahuramazda) غا يەنى ئىران دىنى بولغان زوروئاستېر (Zoroaster) دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. «تاگنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» سۇلى بابىدا «زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىراق، 8 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بۇ دۆلەتتىكى ھىنايانا مەزھىپى تېخى يوقالمىغان. ئەينى چاغدا شۇ يەردە زىيارەتتە بولغان راھىب

---

[1] شۈەنزاڭ (جوۋ گولىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان): «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، يۈلۈ كىتابچىلىق نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشرى، 678 - بەت.

خۇيچاۋ (彗超) بۇ بەگلىك توغرىسىدا: «بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە راھىبلىرى بار، ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. گۆش، پىياز ۋە كۇدە دېگەنلەرنى يەۋېرىدۇ» دېگەن بولسا، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق دۆلەتلەرنى بۇددا دىنى راۋاج تاپقان، «بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە راھىبلىرى نۇرغۇن» دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ چاغلاردا سۇلى بۇددىزمى كۇسەن ۋە ئۇدۇن دۆلەتلىرىگە قارىغاندا ئانچە تەرەققىي تاپمىغان، راھىبلىرىمۇ ئۇنچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سامساق، كۇدە قاتارلىقلارنى يېيىشى كۇسەن راھىبلىرىنىڭ ئۇچ پاك تائامنى يېيىشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. تاڭ دەۋرىدىكى راھىب ۋۇ كوڭ ھىندىستاندا 30 يىلدىن ئارتۇق تۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئىقلىمغا قايتىدۇ، مىلادىيە 786 ــ 789- يىلى تۆت قورغان ۋە بېشبالىق ئارقىلىق ئوتتۇرا ئىقلىمغا قايتقان. ئۇ تۇخارىستان ۋە جۇمىج تەرەپتىن تارىم ۋادىسىغا كىرگەن، مىلادىيە 786-يىلىنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا سۇلى يەنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە بەش ئاي تۇرغان. ئۇ قەشقەر ھەققىدە توختىلىپ، قەشقەر خانى پېي لېگلېڭ (裴冷冷) نى تىلغا ئالغاندىن باشقا، قورغان باسقاق بېگى لۇ ياڭ (鲁阳) نى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مەمۇرى ئەمەلدارىدەك قىلىدۇ.

ئىسلام تارىخچىسى تەبەرى (Tabari) نىڭ «تارىخى تەبەرى» ناملىق ئەسىرىدە: «مىلادىيە 705- يىلدىن 715- يىلىغىچە بەلخ (balkh)، بۇخارا (buhara)، سەمەرقەنت (samarkand)، پەرغانە (ferghana) نى بويسۇندۇرغان ئىسلام سانغۇنى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم (Qutaybaibnmuslim) خەلىپە سۇلايمان دەۋرى (717 — 715- يىللار) نىڭ باشلىرىدا «چىننىڭ چېگراسىدىكى شەھەر — قەشقەر (khashgar) نى بېسىۋالدى. 715- يىلى قۇتەيبە (Qutayba) سۇلايمان (sulaiman)غا قارشى چىقتى، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل بولۇپ ئۆلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن[①]. ياپونىيەلىك ئالىم خاتانى لياۋدەي،

① ستەين: «قەدىمكى خوتەن»، شەندۇڭ خەلق نەشرىياتى 2009-يىلى 7- ئاي (خەنزۇچە) نەشرى، 67-بەت.

ئەينى چاغدا ئىسسىق كۆل (Issik_kol) دىن قەشقەرگىچە بولغان راھىبلار ماكانىنىڭ ھەممىسى قۇتەيبەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ قەشقەر بۇددىزمى بارا - بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى دەپ قارايدۇ. بىراق، «تارىخى تەبەرى» دىكى مەنبەلەرنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى، قەشقەر بەگلىكى ئەرەبلەرنىڭ غازىتى ئارقىلىق يىمىرىلمىگەن، بۇددىزمىمۇ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتمىگەن، چۈنكى خەنزۇچە مەنبەلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ بەگلىكنىڭ ئاخىرقى خانىنىڭ ئىسمىنىڭ پېي لېڭلېڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەن 6- يىلى (مىلادىيە 790- يىلى) نىڭ ئالدى- كەينىدە تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ چاغ دەل جەنۇبتىكى تۈبۈتلەر تارىم ئويمانلىقىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، قەشقەر بەگلىكىنى يوقاتقانلار تۈبۈت قوشۇنى ئەمەس ئىدى. نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن ئەسەردە: «كاشغەر جۇڭگوغا تەۋە ياغما، تىبەت، قىرغىزلارنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان. كاشغەرنىڭ سەردارى ئىلگىرى قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن[①]. شۇڭلاشقا، ئىلىم ئەھلى بىردەك قەشقەر بەگلىكىنى قارلۇقلار يوقاتقان دەپ قارايدۇ. گېرمانىيە تۈركشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى پېرتساك مۇشۇ باسقۇچتىكى تارىخنى يىغىنچاقلاپ، 790 — 860- يىللار تۈبۈتلەر تارىم ئويمانلىقىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، بۇ چاغدا تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار يارىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، قارلۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاساغۇندىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، قەشقەر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

پېرتساكنىڭ قارىشى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1918- يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم موللېر كۇچادىن تېپىلغان تۈركىي تىلى (ياكى ئۇيغۇر تىلى) دىكى نومنى ئېلان قىلدى. نومنىڭ ئاخىرىغا، بۇ نومنىڭ كۇسەن تىلىدىن بارچۇق تىلىغا تەرجىمە

---

① ئابلەت نۇردۇن قۇرغان تۈزگەن: «ھۇدۇدۇلئالەم»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىلى 12- ئاي نەشرى، 119- بەت.

قىلىنغانلىقى يېزىلغان. بارچۇق بولسا ياغما قەبىلىسىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ قەبىلە قەشقەر بىلەن ئاقسۇ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن ئىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تومشۇقتىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن بايقىغان بىر پارچە خەنزۇچە ھۆججەتتە «يابغۇ» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەينى چاغدىكى قارلۇق ھۆكۈمرانلىرى قوللىنىدىغان ئۇنۋان ئىدى. قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئاتىماستىن، قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولغان «يابغۇ» ئۇنۋانى بىلەن ئاتىغان. 8- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قارلۇقلار ئەرەب قوشۇنىنىڭ قولىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ئويمانلىقىنى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن شەرقتىكى قەشقەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىدە بولغان.

تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ماتېرىيالنى پائۇل پېللىئوت يەكەندىن بايقىغان. 1907- يىلى پائۇل پېللىئوت يەكەندىن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرنى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە ھۆججەت مىلادىيە 1096- يىلى يېزىلغانىكەن. ھۆججەتنىڭ كەينى تەرىپىدىكى شاھىدلارنىڭ ئىمزاسىدا ئەرەب يېزىقى ياكى ئەرەبچە يېزىقلار ئۇچرايدۇ. بىراق، ھۆججەتنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان، ئاز بىر قىسمى ئەرەب يېزىقى تۈركىي تىلىدا يېزىلغان. ھۆججەتنىڭ ئەندىزىسىمۇ پۈتۈنلەي ئىسلام مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ تارىم ئويمانلىقىدا بايقالغان ئىسلاملىشىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىگە تەۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 50- يىللاردا توققۇزساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاخىرقى دەۋرگە تەۋە كۆل ئازگىلىدىن بايقالغان ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە كەمتۈك قەغەز ھۆججەتلەر ئېنىقلا يەكەندىن بايقالغان ھۆججەتلەر بىلەن ئوخشاش تىپقا تەۋە ئىدى. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىككى مەشھۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ خىل ئەرەب يېزىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان.

يۇقىرىدا بايان قىلغان ماتېرىياللار بىزگە قەشقەر بەگلىكىنىڭ يوقىلىشى تۈركىي تىلىدىكى قەبىلىلەر، بولۇپمۇ قارلۇق ۋە ياغمىلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بىراق، كۇچادىن بايقالغان بارچۇق تىلىدىكى نوملار، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بۇ قەبىلىلەر شۇ يەرگە كەلگەندە، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇمشۇقتىمۇ بىر ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى بايقالغان. شۇڭلاشقا، تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەرنىڭ كېلىشى قەشقەر بەگلىكىدە ھوقۇق تۇتۇۋاتقان ھۆكۈمرانلارغا تەھدىت پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بىراق قەشقەر مەدەنىيىتىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. قەشقەر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل خاراب بولۇشىنى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويسۇندۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىسلام مۇخلىسلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەسلىدىنلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددىستلار بىلەن 200 نەچچە يىلغا سوزۇلغان «غازات» ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان قەدىمكى مازارلار ئەينى چاغدا غازات ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان دىنىي رەھبەرلەرنىڭ مازىرى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خان ئىدى، ئۇ قەشقەرنىڭ غەربىي (ئاتۇش) دە بولغان بىر قېتىملىق غازات ئۇرۇشىدا ۋاپات بولۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، كېيىنكىلەر ئۇ يەردە ئۇنىڭغا مەخسۇس سۇلتان مازىرى ياساپ ئۇنى ياد ئەتكەن.

ئارخېئولوگلار تۇرپان ۋە كۇچا ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلەرنى قازغاندا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ئۇچراتقان: تىتىلىپ كەتكەن نوم پارچىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بۇددىست راھىبلارنىڭ قېنىغا مىلەنگەن بولۇپ، نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن بۇلار تاشتەك قېتىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ يېنىدا باشسىز ئىسكىلىتلار چېچىلىپ ياتاتتى. بىز غەربىي يۇرت قەدىمكى ھۆججەتلىرىنى رەتلەۋاتقاندا، نۇرغۇنلىغان قول يازمىلاردا كۆيگەن ئىزلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق، بۇلار بەلكىم ئەينى چاغدىكى

غازاتچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىدىن ئامان قالغان بۇيۇملار بولۇشى مۇمكىن. قەشقەر غازاتچىلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تۈنجى جەڭ مەيدانى بولغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىل ئىچىدە بۇ يەر غەربىي يۇرتتىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. شۇڭلاشقا، 11 ـ ئەسىردىن كېيىنكى قەشقەرلىكلەر ھەممە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەقدىرىنى قىياس قىلىش ئىنتايىن قىيىن. مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان قەدىمكى قەشقەر مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي خارابلاشتى، كېيىنچە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بۇ يەرلەرنى ئاخىرى قۇم بېسىپ كەتتى[①].

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا[②]

ئەلى غوپۇر

ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىنغا ئايلىنىشى توغرىسىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلىك ۋە شۇ تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردا بەزى ئوخشىماسلىق ۋە ئېنىقسىزلىقلار مەۋجۇت. يېقىندا چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەرنى رەتلەش جەريانىدا، ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشى توغرىسىدىكى بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى كۆزقاراشلارنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇرۇندىنلا بۇ مەسىلە توغرىسىدا گۇمانىي قاراشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن،

---

① لىن مېيسۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» 1990 ـ يىلى 2 ـ سان، 27 ـ بەت.

② ئەلى غوپۇر: «ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.

مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نەشر قىلىنغان بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن يەنە كۆپلىگەن يېڭى مەنبەلەرگە ئېرىشتىم.

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تۇنجى تارقىلىش مەسىلىسى

ئىسلام دىنى مىلادىيە 7- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن، تېزلىكتە پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شىمالىي ئافرىقا، ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە كىچىك ئاسىياغا قەدەر كېڭەيدى. مىلادىيە 651- يىلى ساسانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەلتۆكۈس ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەبلەرنىڭ شەرققە كېڭىيىشىدىكى نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەرەبلەر ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىراننى ئىشغال قىلىپ، شەرقتە خۇراسانغا يېتىپ باردى. ئەرەب خەلىپىسى خۇراسانغا باش ۋالىي ئەۋەتتى. كېيىن پېرسىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇ رايون ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە بازا بولۇپ قالدى[1]. ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى، مىلادىيە 7- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بىرىنچى باسقۇچ ۋە 8- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، بايلىق بۇلاش ۋە ئولجىغا ئېرىشىش ئاساسىي نىشان قىلىنغان بولۇپ، ئىستېلا قىلىنغان زېمىنلاردا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنمىغانىدى. بارتولد بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلامىيەتكە ئۆندەش، بۇ رايوندا ئومۇميۈزلۈك دەۋرىدە باشلانغان. لېكىن، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇيۈك مۇۋەپپەقىيەت كۆرۈلگەن ئەمەس. رەسمىي ئىسلامىيەتكە يەنى ئىسلامىيەتنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشتا، ئەرەبلەر ۋە كۆچمەنلەرمۇ رەسمىي ئەمەل قىلماسلىقتىن مۇستەسنا بولالمىغان ھەم ئۆز ھاياتلىرىغا تەتبىق ئېتىلمىگەن. بىر دىن نەزەرى بىلەن قارىغانلار ئارىسىدا

[1] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى نەشرى، 466- بەت.

ەيخلەر ۋە باشقا تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى ئەسلىي دىن نوپۇزىدىن كۆپرەك نوپۇزغا ئىگە بولغانلار بولۇپ، دالىلاردا شەيخلەر ۋە ۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ كۆپلەپ مۇرىت ۋە تالىپلىرى بار»[1] ئىدى. شۇڭا، ەرەبلەرنىڭ خۇراسان رايونىدىكى باش ۋالىيسى ئەۋەتكەن ھەربىي قوشۇن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سوغدىيانا رايونىدىن زور مىقداردا بايلىق بۇلىغاندىن كېيىن، ھەر يىلى خۇراسانغا قايتىپ كېلىپ قىشلىغان، پەقەت مىلادىيە 8- ئەسىردىن كېيىن، ئاندىن بۇ رايوننى ئىشغال قىلغان. چۈنكى، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئەرەب قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك قوۋملەرنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ رايوندا بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇۋالغانىدى. خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك: «ئەرەبلەرنىڭ غەلىبىسى قىسمەن جەھەتتىن ئېيتقاندا، شۇ يەرلىكلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا قولغا كەلگەن.»[2]

مىلادىيە 705- يىلى ھەججاجنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم خۇراسانغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلىرى ئالالمىغان يەرلەرنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ، ئەرەب ھاكىمىيىتىنى ماۋارەئۇننەھردە تۇنجى قېتىم يەرلەشتۈردى. قۇتەيبە بۇ ئىشتا يەرلىك خەلقلەرنىڭ زىددىيىتىدىن خېلى پايدىلاندى. سوغد ھۆكۈمدارى 705- يىلى ئۆز دۈشمىنى شۇمان ۋە ئاخارۇنغا قارشى قۇتەيبەنى ئۆزى چاقىردى[3].

مىلادىيە 712- يىلى قۇتەيبە خۇراساندا خارەزىم شاھىنى ئۇنىڭ كىچىك ئۇكىسى ھەم ئىسيان قىلغان دېھقانلارغا قارشى مۇداپىئە قىلدۇردى. شۇ يىلدا قۇتەيبەنىڭ سەمەرقەنت سەپىرى ۋاقتىدا، بۇخارالىقلار ۋە خارەزىملىكلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئۇرۇشتى. 713- يىلى قۇتەيبەنىڭ ئەمرى بىلەن بۇخارا، كېش، نەسەف ھەم خارەزىم ئاھالىسى ئۇنىڭغا 20 مىڭ كىشى ھازىرلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قۇتەيبە بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە باشقا نۇقتىلاردا

---

[1] [2] بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدا سافلاتقان نۇسخىسى)، 178-، 131- بەتلەر.

[3] بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، 128- بەت (تەبەرى ئەسىرى، 2- توم، 1180-، 1276- بەتلەر).

مەسچىت سالدۇردى ھەم ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى شىمالدا شاشقا، شەرقىي جەنۇبتا قەشقەرگە يېتىپ باردى①. مۇھەممەد ئاتىق «قەشقەر تارىخى» دا، ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ۋە ئەرەبلەرنىڭ بۇ زېمىندىكى ئىستېلالىرى ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات قالدۇرغان: «ئىسلامىيەتنىڭ شەۋكىتىنى ئەزەربەيجان سەھرالىرىغىچە يەتكۈزگەن، كۈچلۈك بىر ئەجەم دۆلىتىنى يىمىرىپ، كىسرا ئوردىسىنى ئىشغال قىلغان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سەردارى — سەئىد ئىبنى ۋەققاس ناملىق بىر زات بولۇپ، شۇ زاماندا قەشقەردىن بىر مىقدار ئادەملەر ئىسلام دىنىغا نائىل بولغانىدى. ھىجرىيەنىڭ 22- يىللىرى ئوتتۇرىلىرىدا تۈركىستان چېگرالىرىغا قەدەر يېتىپ بېرىپ، ھېرات، ئەزەربەيجان، رەئى قەزۋىن، ئىسپھان، ھەمەدان، جورجان، تەبەرىستان، ناھاۋەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئولجا - غەنىيمەتلەرگە نائىل بولدى. بۇ قېتىم ئىسلامىيەت ئاسىيادا ئىلگىرىكىدىن كۆپرەك كېڭەيگەنلىكتىن، قەشقەر ئاھالىسىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگۈچىلەرنىڭ سانى ئاستا - ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام قوشۇنى بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن يېڭى مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلامىيەت ئېراسىغا ئالاتتى ياكى خىراج توختىتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلامىيەتنىڭ يولباشچىسى بولغان ئالىملار مەككە، مەدىنە ۋە باشقا مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىن بېرىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى يېتىپ بارمىغان يەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. ھىجرىيەنىڭ 30- يىلى ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىك دەۋرىدە، ھەمەدان، رەئى، ناھاۋەند ئاھالىلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئۈستىگە ئەۋەتىلگەن سەئىد ئىبنى ئاسىنىڭ قوشۇنى ئۇ تەرەپلەردە كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ئوتىنى ئۆچۈردى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن باشقا، ئەزەربەيجاندىن قېپقالغان يەرلەر ۋە شىراز، نىشاپۇر، سىجىستان، خۇراسان، كابۇل ۋە بەلىخ تەرەپلەر پەتىھ قىلىنىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ئىچىگە تېخى قەدەم

① بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، 128- بەت (تەبەرى ئەسىرى، 2- توم، 1180-، 1276- بەتلەر).

بېسىلمىغانىدى. ھىجرىيە 54- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئابدۇللا ئىبنى زەيياد بۇخارانى پەتھ قىلدى. شۇنىڭدەك مۇئاۋىيە زامانىسىدا چىنىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولغان سەمەرقەنتكە مۇداخىلە قىلىنغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇخارادىن ھەم ئىلگىرىلەپ بېرىلغان بولسىمۇ، قەشقەر رايونىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغانىدى. بۇ سۆزلەرنى يېزىشتىن مەقسىتىم، قەشقەر رايونىنى ھەزرىتى ئۆمەر زامانىسىدا پەتھ قىلىندى دەپ قارايدىغان قەشقەر ئاھالىسىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ گۇمانىي مەلۇماتلىرىدىكى يېڭىلىشنى بايان ۋە ئىسيان قىلىش ھەمدە قەشقەرنى پەتھ قىلغان بىر كۈچنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ بىردىنلا پەتھ بولماي، بەلكى پەتھ قىلىنىشىچە نەقەدەر جاسارەت- غەيرەت سەرپ بولغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، قەشقەر پەتھىسىنىڭ بىر مۇقەددىمىسىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىزمىتىم رەھمەت نەزەرى بىلەن قارىلىشقا ئۈمىدۋارمەن. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمچە، ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە قەشقەر رايونىغا كىرىشى ئەسلىي ھىجرىيەنىڭ 96- يىلى (مىلادىيە 714 — 715- يىللىرى) دۇر.»[1]

مۇھەممەد ئاتىق ئۆز بايانلىرىنىڭ تەپسىلاتى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ: «تارىق بىننى زەييادنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن جەبىلتارىق بوغۇزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئىسپانىيە زېمىنلىرىغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، ھىجرىيەنىڭ 87- يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم باھىلىنىڭ قوماندانلىقىدا يەنە بىر قوشۇن ئاسىياغا يۈرۈش قىلغانىدى. قۇتەيبەدىن ئىلگىرىمۇ ئاسىيادىن بىرقانچە مەملىكەتلەر ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، ئەرەبلەر ئۇ غالىبىيەتنىڭ ئارقىسىنى ساقلاپ قالالمىغان. ئەرەبلەر بۇ يەرلەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمىگەنلىكتىن، ئەرەبلەرنىڭ نوپۇزى ئىشغال قىلىنغان مەملىكەتلەردە ئانچە ئورۇن ئالالمىغان ۋە نۇرغۇن مەملىكەت ئاھالىلىرى ئىتائەت يىپىنى ئۈزۈپ،

[1] مۇھەممەد ئاتىق: «قەشقەر تارىخى» (1- توم)، 33-، 34-، 44- بەتلەر (ھىجرىيە 1300- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان؛ 1963- يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ ساقلىغان نۇسخىسى).

ئىسيان ئېلان قىلغاندى. ئەمىر قۇتەيبە بىر مەزگىل كېچىككەن بولسىمۇ، پۈتۈن قولدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئىتائەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمىغان، ئىسيان قىلغان مەملىكەتلەرنى ئىسلام مەملىكىتىگە قوشتى. قۇتەيبە خېلى بىر مۇددەت تۈرك ۋە ئەجەم تائىپىلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئىتائەت پەرمانىغا كىرگۈزۈپ، كىچىك ئاسىيا ۋە بۈيۈك ئاسىيا قوۋملىرىنىڭ قەلبىدە دەرىجىسىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن بولمىغان زور بىر خەۋپ ۋە دەھشەت قالدۇرغاندىن كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 96 - يىلى نىسبەتەن ناھايىتى ئاز بىر قوشۇن بىلەن 200 مىڭ چىن ۋە تۈرك ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر رايونىغا كىرىپ، بۇ يەرنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرىنى پەتىھ قىلىپ، چىن ئىچىگە توغرا بۇرالدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەشقەردىن بىر قىسىم ئادەم ئىختىيارىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇلار بەك ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنلىرىنى ھەر كىشىدىن مەخپىي تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولغاچقا، ئىسلام دىنى قەشقەر رايونىغا كىردى دېيىلمەيدۇ. ھىجرىيەنىڭ 96- يىلى بولسا، قۇتەيبەنىڭ غەيرىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلار بىلەن چەتتىن كەلگەن ئەھلى ئىسلامنىڭ مىقدارى كۆپەيگەنلىكتىن، ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا كىرىشى شۇ يىلدىن ئېتىبارەن قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قەشقەر رايونىغا توپلىنىشىغا ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ ئالىملارنىڭ قەشقەر رايونىغا كېلىشى ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىكتۇر.»[1]

مارشال برۇمخال «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى» دېگەن كىتابىدىمۇ قۇتەيبەنىڭ مىلادىيە 713 — 714- يىللىرىدا خوجەند، شاش قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ھەمدە «قۇتەيبەنىڭ جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا قەسەمياد قىلغانلىقى ھەمدە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تاڭ سۇلالىسى

[1] مۇھەممەد ئاتىق: «قەشقەر تارىخى» (1- توم)، 33-، 34-، 44- بەتلەر (ھىجرىيە 1300- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان؛ 1963- يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ ساقلىغان نۇسخىسى).

ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئۆز خىيالىنى تاڭ پادىشاھىغا ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، تاڭ پادىشاھى ئوردا كېڭەشىنىڭ قارارى بويىچە پايتەخت تۈپىسىدىن بىر خالتا، بىر قىسىم تاڭ سۇلالىسى پۇلى ۋە تۆت نەپەر ياشنى قۇتەيبە ھۇزۇرىغا مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، ئارىدا توختام ھاسىل قىلغان»[①]لىقىنى بايان قىلغان.

يۇقىرىقى توختام توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى بارتولد ۋە مۇھەممەد ئاتىفلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالغان بولۇپ، بەلكىم ئۇلار ئوخشاش ماتېرىيال مەنبەسىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن.

«شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى» دىمۇ قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىستېلا قىلغان شەھەرلىرى قاتارىغا قەشقەرمۇ كىرگۈزۈلگەن[②].

ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تۇنجى قېتىم تارقىلىشىغا ۋە شۇ دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئورنى قۇتەيبە دەۋرىگىچە ئانچە مۇقىم بولمىغان. پەقەت قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستېلاسىدىن كېيىنلا ئاندىن نىسپىي تۇراقلىققا ئىگە بولغان. ئىككىنچى، مەيلى قۇتەيبە دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولسۇن، ئىسلام دىنى قەشقەر رايونىدا بىر مەھەل ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قائىدىسى بويىچە، شارائىت يار بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مەسچىتكە بارماي، ئۆز ئۆيىدە ياكى دالىلاردا ناماز ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل بولىدۇ دېيىلىدىغان بولغاچقا، بۇ دىنىنىڭ يوشۇرۇنۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا دىنغا كىرىشىدە، يەنە ئەرەب ئىستېلاچىلىرى يولغا

---

① مارشال برۇمخال: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى»، موركان ۋە سكوت نەشرىياتى 1908- يىلى (ئىنگلىزچە) نەشرى، 18-، 19- بەتلەر.

② «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 446- بەت.

ئىسيان ئېلان قىلغانىدى. ئەمىر قۇتەيبە بىر مەزگىل كېچىككەن بولسىمۇ، پۈتۈن قولدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئىتائەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمىغان، ئىسيان قىلغان مەملىكەتلەرنى ئىسلام مەملىكىتىگە قوشتى. قۇتەيبە خېلى بىر مۇددەت تۈرك ۋە ئەجەم تائىپىلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئىتائەت پەرمانىغا كىرگۈزۈپ، كىچىك ئاسىيا ۋە بۈيۈك ئاسىيا قوۋملىرىنىڭ قەلبىدە دەرىجىسىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن بولمىغان زور بىر خەۋپ ۋە دەھشەت قالدۇرغاندىن كېيىن، 200 هىجرىيەنىڭ 96 - يىلى نىسبەتەن ناھايىتى ئاز بىر قوشۇن بىلەن مىڭ چىن ۋە تۈرك ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر رايونىغا كىرىپ، بۇ يەرنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرىنى پەتىھ قىلىپ، چىن ئىچىگە تۇغرا يۈرالدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەشقەردىن بىر قىسىم ئادەم ئىختىيارىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇلار بەك ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنلىرىنى ھەر كىشىدىن مەخپىي تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولغاچقا، ئىسلام دىنى قەشقەر رايونىغا كىردى دېيىلمەيدۇ. هىجرىيەنىڭ 96- يىلى بولسا، قۇتەيبەنىڭ غەيرىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلار بىلەن چەتتىن كەلگەن ئەھلى ئىسلامنىڭ مىقدارى كۆپەيگەنلىكتىن، ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا كىرىشى شۇ يىلدىن ئېتىبارەن قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قەشقەر رايونىغا توپلىنىشىغا ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ ئالىملارنىڭ قەشقەر رايونىغا كېلىشى ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىكتۇر.»[①]

مارشال برۇمخال «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى» دېگەن كىتابىدىمۇ قۇتەيبەنىڭ مىلادىيە 713 — 714- يىللىرىدا خوجەند، شاش قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ھەمدە «قۇتەيبەنىڭ جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا قەسەمياد قىلغانلىقى ھەمدە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تاڭ سۇلالىسى

① مۇھەممەد ئاتىق: «قەشقەر تارىخى» (1- توم)، 33-، 34-، 44- بەتلەر (هىجرىيە 1300- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان: 1963- يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ ساقلىغان نۇسخىسى).

ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئۆز خىيالىنى تاڭ پادىشاھىغا ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، تاڭ پادىشاھى ئوردا كېڭىشىنىڭ قارارى بويىچە پايتەختتىن بىر خالتا، بىر قىسىم تاڭ سۇلالىسى پۇلى ۋە تۆت نەپەر ياشنى قۇتەيبە ھۇزۇرىغا مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، ئارىدا توختام ھاسىل قىلغان»[①]لىقىنى بايان قىلغان.

يۇقىرىقى توختام توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى بارتولد ۋە مۇھەممەد ئاتىفلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالغان بولۇپ، بەلكىم ئۇلار ئوخشاش ماتېرىيال مەنبەسىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن.

«شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى» دىمۇ قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىستېلا قىلغان شەھەرلىرى قاتارىغا قەشقەرمۇ كىرگۈزۈلگەن[②].

ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تۇنجى قېتىم تارقىلىشىغا ۋە شۇ دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۇن چىقىرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئورنى قۇتەيبە دەۋرىگىچە ئانچە مۇقىم بولمىغان. پەقەت قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستېلاسىدىن كېيىنلا ئاندىن نىسپىي تۇراقلىققا ئىگە بولغان. ئىككىنچى، مەيلى قۇتەيبە دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولسۇن، ئىسلام دىنى قەشقەر رايونىدا بىر مەھەل ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قائىدىسى بويىچە، شارائىت يار بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مەسچىتكە بارماي، ئۆز ئۆيىدە ياكى دالىلاردا ناماز ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل بولىدۇ دېيىلىدىغان بولغاچقا، بۇ دىنىنىڭ يوشۇرۇنۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا دىنغا كىرىشىدە، يەنە ئەرەب ئىستېلاچىلىرى يولغا

---

① مارشال برۇمخال: «جوڭگودىكى ئىسلام دىنى»، مورگان ۋە سكوت نەشرىياتى 1908-يىلى (ئىنگلىزچە) نەشرى، 18-، 19- بەتلەر.
② «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 446- بەت.

قويغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلادىن تۇتۇن بىجى ئالماسلىق ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇتەيبە ئوتتۇرىغا قويغان جۇمە نامىزى ئۇچۇن مەسچىتكە بارغانلارغا ئىككى دەرھەم تارقىتىپ بېرىشكە ئوخشاش ئىقتىسادىي قىزىقتۇرۇش سىياسەتلىرىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ قەشقەر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىدىن بىرى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ سودا مەركىزى ۋە ئىچكى ئۆلكە تاۋارلىرىنىڭ غەربتىكى توپ تارقىتىش بازىرىغا ئايلانغانىدى. شۇڭا، جۇڭگو ماللىرىغا ھېرىسمەن ئەرەب، پارس سودىگەرلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ قەشقەردە كۆپلەپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى تەبىئىي ئىش ئىدى. ئىسلام ئېتىقادىدىكى بۇ سودىگەرلەرنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئەينى دەۋردە چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەب، پارس سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلىكلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۈچىنچى، 7- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 8- ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلگەن سوپىزم مەزھىپىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى بۇ رايوننىمۇ نەزەرىدىن ساقىت قىلمىغان. يەنە شۇنىڭدەك، قۇتەيبەنىڭ قەشقەر رايونىغا كىرىشى مەسىلىسىدە بىر قىسىم تالاش - تارتىشلار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئېھتىماللىقنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇكى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، قەشقەردە ئىسلام دىنى بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

## 2. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى مەسىلىسى

مىلادىيە 8- ئەسىر ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر رايونىغا تارقىلىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى دېيىلسە، 10- ئەسىر ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا كەڭ كۆلەملىك ئومۇملاشقان دەۋرىدۇر. بۇنىڭدا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىن ئىبارەت بىر تارىخىي ۋەقەلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى توغرىسىدا ھازىرغا

قەدەر ئاساس قىلىنىۋاتقان مەنبە، قەشقەرلىك ئالىم ئابدۇجاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» دىكى «سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ تەسىرى ئاستىدا 21 يېشىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، 25 يېشىدا قاراخانىيلار تەختىدە ئولتۇرغان، ھىجرىيەنىڭ 334- يىلى (مىلادىيە 955 — 956- يىللىرى) ۋاپات بولۇپ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغان»[1] دېگەن مەلۇماتتىن ئىبارەت. بۇ كىتاب يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، جەمال قارشى « «سۇرراھ» لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە بۇ كىتابتىن نەقىل ئالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. 19- ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان موللا ھاجى يېزىپ قالدۇرغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دىمۇ ئوخشاش ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

ئەمدى بىز سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئەبۇ ناسىر سامانىيغا ئائىت تارىخنامىلەرگە قاراپ باقايلى:

«ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇ ناسىر سامانىي سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سامانىينىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ چاغلاردا، ئۇ چوڭ ئاكىسى ئىسمىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، ھازىرقى ئاتۇشقا كېلىپ تۇرغانىكەن. ئوغۇلچاق پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە، سۇتۇق بۇغراخانمۇ ئوغۇلچاقنىڭ قېشىدا ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوغۇلچاقنىڭ ئەتراپىدا خۇپىيانە مۇرىت توپلاپ، تېزلا كۈچلۈك سىياسىي، ھەربىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ئوغۇلچاق جاھىل بۇتپەرەست بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قەتئىي قارشى ئىدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۈچى زورايغاندىن كېيىن، 10- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى ئۆزىنىڭ تاغىسىغا قارشى ھەربىي ھۇجۇم قوزغاپ، ئوغۇلچاقنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى»[2]. ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دا مۇنداق يازىدۇ: «مىلادىيە 9- ئەسىردە تۈركلەر

[1] ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىلى نەشرى، 59 — 70- بەتلەر.

[2] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى، 162-، 163- بەتلەر.

ماۋارەئۇننەھرنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا سامانىيلار خانىدانلىقى بىلەن تىركىشىشكە باشلىدى. تۈرك ئاتامانى بىلگە كۆل قادىرخان سامانىيلار خانى نوھ بىلەن جەڭ قىلدى. سامانىيلار خانلىقى چېگراسىدىكى ھەربىي ھەرىكەت ۋە سودا ئالاقىلىرى تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا مۇھىم سەۋەب بولدى. بۇ خىل دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى دەرۋىش، بەزىلىرى سودىگەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد كاراماتى ئىدى. ئەرەب تارىخچىسى سامۇئانىنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئۇ نىشاپۇرلۇق كىشى بولۇپ، تۈركلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىش ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن يەنى مىلادىيە 961- يىلى تۈرك ئوردىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنە سامانىيلار شاھزادىسىنىڭ تۈركلەر تەرەپكە قېچىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ شاھزادە سامانىي پادىشاھى نوھنىڭ ئوغلى ناسىر بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىشلاغا قارىغاندا، ناسىر تۈرك ئاتامانى ئوغۇلچاق قادىرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپلا ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتۇشتا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.»[①] «ئوغۇلچاق قادىر سامانىيلار خانى ئىسمايىل بىلەن دەۋرداشتۇر. ئۇ سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، سامانىيلار خانىنىڭ ئوغلى ناسىرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان.»[②]

«‹سۇرراھ› لۇغىتىگە تولۇقلىما» دا، سۇتۇقنىڭ «ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇتىئى دەۋرى (946 — 974 - يىللار) دە قەشقەر ۋە پەرغانە رايونىدىكى تۈرك خانلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان»[③]لىقى بايان قىلىنىدۇ.

---

[①] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (2- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىلى نەشرى، 32- بەت؛ بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (ئۇيغۇرچە) 178- بەت.

[②] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (2- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىلى نەشرى، 71- بەت.

[③] خۇا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىلى نەشرى،437- بەت.

يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلساق، سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتى 943 - يىللىرى ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ دەل سامانىيلار خانى نوھنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ، ئوغۇلچاق قادىرخان ئىسمايىل بىلەن زامانداش بولغاندا، ئەبۇ ناسىر سامانىي سامانىيلار خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سامانىينىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى ئىسمايىلنىڭ ئوغلى بولغان بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ «چوڭ ئاكىسى ئىسمىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئاتۇشقا كېلىپ تۇرغانلىق» ۋەقەسى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، نوھنىڭ ئوغلى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەبۇ ناسىر سامانىي بىلەن مۇھەممەد كاراماتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر باغلىنىش باردەك قىلىدۇ. چۈنكى، «‹سۇرراھ› لۇغىتىگە تولۇقلىما» دىن باشقا، ئەرەب تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەبۇ ناسىر سامانىي ئەمەس، بەلكى مۇھەممەت كاراماتنىڭ بۇغراخانلار ھوزۇرىدا بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە، ئۇنىڭ دىنغا كىرىشى ناھايىتى ئەپسانىۋىلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن. ھەتتا ئۇ، چۈشىدە ئاللانىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن دېگۈچىلەرمۇ بار. روشەنكى، سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە چوڭ سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، بىۋاسىتە خانلىق تەختىگە ئولتۇرالماي، ئانىسى بىلەن بىللە تاغىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈپ قېلىشى، ئۇنىڭ سامانىيلارنىڭ ھەربىي ياردىمى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غازات ئېڭى ئارقىلىق ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا تۈرتكە بولغان.

سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئەگەر قەشقەر رايونىدا مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، بەلگىلىك ساندا ئىسلام مۇرىتلىرى بولمىغان بولسا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇنداق تېزلىكتە بىر خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغۇدەك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ۋە نەچچە يۈز يىللىق بۇددا ئېتىقادىغا ئىگە قەشقەر رايونىدا پۈت دەسسەپ تۇرالىشى ئانچە ئاسانغا توختىمىغان بولاتتى. يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى،

«‹سۇرراھ› لۇغىتىگە تولۇقلىما»دا، ئۇ، «پەرغانە ۋە قەشقەردىكى تۈرك خانلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن» دەپ بايان قىلىنغان. ھەرگىزمۇ ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈرك يۇقراسى دېيىلمىگەن.

## 3. قەشقەر رايونىدا نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخى توغرىسىدا[1]

داۋۇت سايىم

قەشقەر ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدىن «ۋېينامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە» ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىدە «سۇلى» دەپ قەيت قىلىنىپ كەلگەن. بۇ نام ھازىر قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ خەنزۇچە نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تارىختا ئۇ، ھازىرقى پەيزاۋات، يوپۇرغا، يېڭىسار، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن قاتارلىق ناھىيەلەرنى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىغا تەۋە ئاقتۇ ناھىيەسى ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى سۇلى ئېلىنى كۆرسىتەتتى.

سۇلى (suli) دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا توپونومىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس، ھازىرچە بىرقەدەر ئومۇملاشقان قاراش بويىچە ئېيتقاندا، بۇ نام مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سوغدلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى سۇلى ياكى سۇلىق (sulik) دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ مىللەت نامى پەيدىنپەي يەر نامىغا ئايلانغان[2].

---

[1] داۋۇت سايىم: «قەشقەر رايونىدا نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

[2] «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى، 69 ـ بەت.

كېيىن بۇ يەردە «قەشقەر» دەپ يېڭى بىر يەر نامى بارلىققا كەلگەن. بۇ، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە 佉沙 (چۈشا) ياكى 疏勒 (جىشى) قاتارلىق كۆپ خىل تەلەپپۇز قىلىنغان، كېيىن 喀什 غا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەت ھەم شەھەر نامى سۈپىتىدە ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە.

قەشقەر قەدىمكى زاماندا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان كارۋان يولى — «يىپەك يولى» غول لىنىيەسىنىڭ شىمالىي ھەم جەنۇبىي تارمىقىنىڭ تۇگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن، تارىختىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ھەر خىل قەبىلە - قوۋملار ئولتۇراقلاشقان ھەم ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايون ئىدى؛ جۈملىدىن دۇنياۋى بەش دىنىنى ئۆز ئىچىگە[①] ئالغان تۈرلۈك مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ۋە ئالمىشىش مەركىزى ئىدى.

تارىختا، تۈرلۈك قەبىلە - قوۋملار ۋە سىياسىي كۈچلەر قەشقەر رايونىدا ئۆزئارا ئۆچرىشىپ كەلگەن. مەنبە - ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيەنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە، بۇ رايوندا توخارلار، ساكلار، سوغدلار قاتارلىق ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە - قوۋملار ماكانلاشقان. غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك چوڭ ئەل — سۇلى ئېلى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن كېيىن بۇ يەر جۇرجانلار، ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان. شىمالىي جۇ خانلىقى دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تازا كۈچەيگەن دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە تۈركلەرگە قارىغان، شۇ مەزگىلدە تېلىلار (ئۇيغۇرلار) مۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

قەشقەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618 — 907) دە غەربىي يۇرتتىكى تۆت چوڭ شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە تۇراتتى. ئۇ ھازىرقى پامىر رايونى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 ئايماقنى باشقۇراتتى.

---

[①] دۇنياۋى بەش دىن — بۇددا دىنى، زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى ۋە ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدۇ.

قەشقەر دىن تارىخىدىن قارىغاندا، مىلادىيەنىڭ بېشىدىن تارتىپ، غەربىي يۇرتتىكى بۇددىزىم مەدەنىيىتى مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ۋەزىيەت قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگىچە داۋام قىلغان. بۇنى كېيىن قەشقەر تەۋەسىدىن تېپىلغان بۇددىزىمغا ئائىت قول يازمىلار ۋە بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي راھىبى شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە زىكىر قىلىنغان مەلۇماتلار، جۈملىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «خانئۇي»، «توققۇز ساراي» قاتارلىق بۇددىزىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىراق، خىرىستىيان دىنىنىڭ چوڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى بولغان نېستورى دىنى① (نېستورىيانىزم) قەشقەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەر ئىچىدە قاچان، كىملەر ئارقىلىق تارقالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. شۇڭا، بۇ مەسىلە ھازىرغىچە يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنماي كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، جۈملىدىن ھازىرغىچە يېشىلمەي كېلىۋاتقان مۇھىم سىرلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش غەرىزىدە، نۆۋەتتىكى ھالدا نېستورى دىنىنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە تارقىلىش تارىخىنىڭ باش - ئاخىرى ئۈستىدە، ھازىرچە قولۇمدا بار ماتېرىياللار ئاساسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

«جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» چەت ئەل تارىخى قىسمى (2- توم) نىڭ 1032- بېتىدە بايان قىلىنىشىچە: ئېفتالىتلارنىڭ بىر قىسمى VI ئەسىردە نېستورى دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار شەرققە قاراپ

---

① نېستورى دىنى — خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساس سالغۇچى نېستورى (Nestorious)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. نېستورى (380 — 451) خىرىستوس (ئەيسا) ئادەملىك بىلەن ئىلاھلىق خاراكتېرىگە ئىگە دېگەننى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، 431- يىلى ئېفېس (Ephesus) دا چاقىرىلغان دىنىي يىغىندا «بىدئەت» دەپ ئەيىبلىنىپ قوغلاندى قىلىنغان. نېستورىنىڭ مۇرىتلىرى شەرققە كۆچۈپ، سۈرىيە ئارقىلىق پېرسىيە (ئىران) گە كەلگەن، كېيىن پېرسىيە ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭ ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەلگەن.

ئىلگىرىلەپ، ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان[1]. شۇڭا، نېستورى دىنى شۇ مەزگىلدە قەشقەردە تارقىلىشقا باشلىغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

فىرانسىيەلىك مەشھۇر شەرقشۇناس چاۋانتىس (1918 — 1868) مۇ نېستورى دىنىنىڭ سوغدىيانا تۈركلىرى ئارىسىدا تارقالغان ۋاقتىنى 561 ـ يىلى دەپ بېكىتىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر بىلەن پارسلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئېفتالىتلارغا قارشى ئورتاق كۈرەش ئېلىپ بارغان مەزگىل ئىدى. جۈملىدىن تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى بۇ دىننى قوبۇل قىلغان مەزگىل ئىدى.

ياڭ سىيې ئەپەندى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» ناملىق ئەسىرىدە: «نېستورى دىنى VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، بۇ جايلاردىكى نېستورىيانلار سەمەرقەنت پاترىئارخىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى»[2] دەپ كۆرسىتىدۇ.

قەشقەر تەۋەسىدە نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىش ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدىغان ۋە ئۇنى ئىسپاتلايدىغان مەنبە ماتېرىياللارنىڭ بىرى — 1632 ـ يىلى چاڭئەن (شىئەن) ئەتراپىدىن تېپىلغان سۈرىيە يېزىقىدىكى «داكچىن[3] نېستورى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش خاتىرە تېشى» دۇر.

بۇ خاتىرە تاش تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى دې زوڭ سەلتەنەتىنىڭ 2 ـ يىلى (781 ـ يىلى) تىكلەنگەن بولۇپ، خاتىرە تاشنىڭ ئاستى ۋە

---

[1] داۋۇت سايىم: «نېستورى دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 ـ يىلى 2 ـ سان؛ «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» (چەت ئەل تارىخى قىسمى، 2 ـ توم)، لۇغەت نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى، 1032 ـ بەت.

[2] ياڭ سىيې: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى، 165 ـ بەت.

[3] داكچىن خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا «大秦» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇپ، دەسلەپ رىم ئىمپېرىيەسىنى كۆرسەتتى. نېستورى دىنى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىگە تەۋە سۈرىيە رايونىدا ئايرىدە بولغانلىقتىن، بۇ دىننىمۇ داكچىن نېستورى دىنى دەپ ئاتىغانىدى. داكچىن — «بۈيۈك رىم ئىمپېرىيەسى» دېگەن مەنىدە.

ئىككى تەرىپىدە 70 تەك نېستورى دىنى ئېپىسكوپىنىڭ قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن ئىسىم ـ فامىلىسى بار. «داكچىن نېستورى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش خاتىرە تېشى»نىڭ تېكىستى جەمئىي 32 قۇر. خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1780 خەت يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مۇقەددىمە ۋە مەدھىيەدىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ. مۇقەددىمە قىسمى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن خىرىستىيان (نېستورى) دىنىنىڭ تۈپكى دىنىي ئەقىدىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 635- يىلى سۇرىيەدىن (ئىراندىن) ئېلىمىزگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن مىسسىيونېر ئولوپېن (olopen) قاتارلىقلاردىن باشلاپ، بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن تەيزۇڭ (627 — 649)، گاۋزۇڭ (650 — 683)، شۈەنزۇڭ (712 — 755)، سۇزۇڭ (756 — 762)، دەيزۇڭ (762 — 779) ۋە دېزۇڭ (780 — 804) قاتارلىق نەچچە ئەۋلاد پادىشاھىنىڭ كۆرسەتكەن خەيرخاھلىقى بايان قىلىنغان، ئاخىرىدا ئۇلار مەدھىيەلەنگەن.

بۇ خاتىرە تاش تېكىستىنىڭ ئاپتورى پېرسىيەلىك مىسسىيونېر ئادام (Adam) دېگەن كىشى.

بۇ خاتىرە تاشنىڭ سۇرىيە يېزىقىدىكى تېكىستىدە «ساراگ ئېپىسكوپى» دېگەن بىر ئىسىم زىكىر قىلىنغان. بۇ يەردىكى «ساراگ» (Sarag) نى بەزى دەلىلشۇناسلار كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى سۇلى (قەشقەر)نىڭ سۇرىيەچە ئاتىلىشى[1] دەپ قارايدۇ، ناۋادا بۇ قاراش ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولسا، ئۇ چاغدا بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان «ساراگ ئېپىسكوپى» — قەشقەرلىك ئېپىسكوپ پالانى بولۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نېستورى دىنى ئەڭ كېيىن ھېسابلىغاندىمۇ، مىلادىيە VII ئەسىردىن بۇرۇن قەشقەرگە تارقىلىپ، قەشقەر بۇ دىنىنىڭ باشقا جايلارغا تارقىلىشىدىكى بىر پونكىت بولغانلىقى ئايان بولىدۇ.

---

[1] گوڭ فاڭجىن: «ھەممە تەرەپتىن ئۈزلەشكەن مەدەنىيەت ئەقىل ـ پاراسەتلىرى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1992- يىلى (خەنزۇچە) نەشرى، 30- بەت.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618 — 907)، ئېلىمىز تارىخىدىكى سىرتقا قارىتا ئىشىك كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە دىنلارنىڭ تارقىلىشىغا يول قويۇلغان دەۋر ئىدى. مۇشۇ دەۋردە سۇرىيە، پېرسىيە ۋە سوغد نېستورىيانلىرى، ئاساسلىقى سودىگەرلىرى نېستورى دىنىنى قەشقەر تەۋەسىگە ئېلىپ كېلىپ تارقاتقان بولسا كېرەك. شۇڭا، ليۇ يىتاڭ ئەپەندى: «نېستورى دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشتىن ئىلگىرى جەزمەن بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان «يىپەك يولى» ئارقىلىق يەنى (كۆكئارت - پامىر) ئارقىلىق خوتەن، قەشقەرگە، مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان[①]» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس ھ. ي. كىلىمكايت (H.J. kilimeit) يازغان «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابتا، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا تەۋە جايلاردىكى نېستورى دىنى چېركاۋلىرى ۋە ئېپىسكوپ تۇرغۇزۇلغان ھەمدە كېيىن نېستورى دىنىغا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان جايلار خەرىتىسى بېرىلگەن، بۇ خەرىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلار تىلغا ئېلىنىپ، بۇ شەھەر رايونلارنى نېستورى دىنى ئارخىئېپىسكوپ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق جايلار قاتارىغا قويىدۇ[②].

رۇسىيەلىك مەشھۇر ئالىم. ۋ. ۋ. بارتولد (1869 — 1930) نېستورى دىنىنىڭ قەشقەر ۋە يەتتىسۇ رايونىغا تارقىلىش تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان نوپۇزلۇق شەخس. ئۇنىڭ «يەتتىسۇنىڭ تارىخي ئوچېرىكى» ناملىق ئەسىرىدە، قەشقەردە بىردىنبىر تارقىتىش پونكىتى بارلىقى، بۇ پونكىتقا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن باشقا، يەتتىسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى كىرىدىغانلىقى[③] بايان قىلىنغان.

---

[①] ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات»، جىڭجۇڭ كىتاب ئىدارىسى 1975- يىلى نەشرى، 468- بەت.

[②] ھ. ي. كىلىمكايت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994- يىلى نەشرى، 83-، 84- بەتلەر.

[③] ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتىسۇنىڭ تارىخي ئوچېرىكى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئىچكى قىسمى)، 1984- يىللىق، 7-، 8- سان.

ئېلىمىزنىڭ شەرق بىلەن غەرب قاتناش تارىخى مۇتەخەسسىسى فاڭ خاۋ ئەپەندىمۇ قەشقەرنى نېستۇرى دىنى چېركاۋى تەسىس قىلىنغان جايلار قاتارىغا قويىدۇ.

گوڭ فاڭجىن ئەپەندى نېستۇرىيانلارنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، سەمەرقەنتلىك نېستۇرى دىنى ئارخىيې- ئېپىسكوپى مارئىلىياخ III (Mar: Eliayah III) دېگەن كىشى يوھان ئىسىملىك بىرەيلەننى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئېپىسكوپلۇققا تەيىنلى- گەنلىكى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن (1190- يىلدىن كېيىن)، ئۇنىڭ ئورنىغا سابرىشو (sabrisho) نى ئېپىسكوپ قىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلىكى ھەمدە قەشقەردە چېركاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق رايون تەسىس قىلىنغانلىقىنى...... بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان①.

دېمەك، نېستۇرى دىنى VII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرنى پونكىت قىلغان ھالدا تەڭرىتاغ ئەتراپىغا تارقىلىشقا باشلىغان. قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بۇددا دىنى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. قەشقەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى نېستۇرى دىنىنى قوبۇل قىلغان.

قەشقەرنىڭ VII — VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشى تېخى بىرلىككە كەلمىدى. ياپونىيەلىك ئالىم خانىدا تورۇ (يۇتىيەنخىڭ) نىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، V — VI ئەسىردىن بۇرۇن بۇ يەردە ئارىيانلارغا تەۋە توخارلار، سوغدلار، ساكلار ياشىغان②. كېيىن

---

① گوڭ فاڭجىن: «ھەممە تەرىپتىن ئۆزلەشكەن مەدەنىيەت ئەقىل - پاراسەتلىرى»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1992- يىلى نەشرى، 30- بەت.

② خانىدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، سودا نەشرىياتى نەشرى، 5 — 6- بەتلەر.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان تېلىلار[1] بۇ جايلارغا يېتىپ كەلگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇلار پەيدىنپەي قەشقەر رايونىدىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلىنىپ، يەرلىك ئىران تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەتلەر ئۇلارغا قوشۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن[2].

IX ئەسىردىن بۇرۇنقى قەشقەر رايونىدا ياشىغۇچى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا كەلسەك، بۇ يەردە ھەرقايسى قەبىلە - قوۋملارنىڭ مەھەللىۋى دىنلىرىدىن باشقا، زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە نېستۇرى دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىن تارقىلىپ كەلگەن. ھەر خىل دىن ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالەت خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېچبىرى قارشى تەرەپنى يېڭىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمىگەن ياكى بولمىسا ھەرقايسى قەبىلە - قوۋملارغا ئورتاق بولغان دىنىي ئېتىقادقا ئايلىنالمىغان. بۇ خىل ھالەت، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ، پامىرنىڭ غەربىي رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغانىدى.

X — IX ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تارىخىدا، جۈملىدىن قەشقەر تارىخىدا غايەت زور بۇرۇلۇش يۈز بەردى: 840- يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىچكى - تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ، پانتېكىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يولباشچىلىقىدا 15 قەبىلە غەربكە قاراپ كۆچۈپ، قەشقەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارغا ماكانلاشتى. ئۇلاردىن بۇرۇن بۇ يەردە تۈركەش، قارلۇق، ياغما، ئوغۇز، چىگىل قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ۋە سوغدلار ماكانلاشقانىدى. تۈركىي تىللىق بۇ قەبىلىلەر ئۆزئارا بىرلىشىپ، ياغمىلارنى يادرو قىلغان ھالدا، قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خانلىقى (850 — 1212) نى بەرپا قىلدى. خانلىق قۇدرەت

---

① تېلىلار — قاڭقىللار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، «سۈينامە» دە قەيت قىلىنىشىچە، بۇلار كۆپ قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرقتە توغلار دەرياسىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا تارقالغان.

② چاڭ رىنشيا: «يىپەك يولى ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1981- يىلى نەشرى.

تاپقاندا، زېمىنى غەربتە قاراقۇم قۇملۇقىدىن شەرقتە لوپنۇر ئويمانلىقىغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىدىن جەنۇبتا ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. قاراخانىيلارنىڭ قۇرۇلۇشى، پايتەختىنى قەشقەر شەھىرى قىلىپ بېكىتىشى (ئەينى زاماندا «ئوردا كەنت» دەپ ئاتىلاتتى)، سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە كېيىن بېرىپ ئىسلام دىنىنىڭ خانلىق دىنى قىلىپ بېكىتىلىشى تۈپەيلىدىن، خۇددى بۇددا دىنىغا ئوخشاش نېستورى دىنىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان. بىراق يەتتىسۇ رايونىدا ياشايدىغان بەزى قەبىلە - قوۋملارنىڭ ئىچىدە، نېستورى دىنى خېلى تەسىرگە ئىگە ئىدى[1]. قاراخانىيلارنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇددا دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق ئەنئەنىۋى دىنلارنىڭ تەسىرى پۈتۈنلەي تۈگىمىگەنىدى. پاكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىمۇ سىڭىپ كىردى. ئۇلار بەزىدە ئاللانى نېستورى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بويىچە چۈشەندۈرەتتى.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا چەتتىن كىرگەن ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە دىنلارنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويۇپ كەلگەن. XI ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئۆتكەن ھىندىستانلىق ساياھەتچى گەردىزى: «توققۇز ئوغۇز شەھەرلىرىدە خىرىستىيانلار، بۇددىستلار ۋە زوروئاستېرلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ياشايدىكەن» دەپ يازغانىدى. ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە: «قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى ئىسلام دىنى مەسچىتىنىڭ يېنىدا خىرىستىيان چېركاۋى بىلەن بۇددا ساگراملىرىنىڭمۇ ياسالغانلىقىنى تىلغا ئالغان.»[2]

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى، 703 - بەت.

[2] لى تەيىۋ: «شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ تارىخىي يىلتىزى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 - يىللىق 2 - سان.

دېمەك، قىسمەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، دەسلەپ نېستورى دىنى قەشقەر رايونىدا، جۈملىدىن قاراخانىيلار تەۋەسىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم.

سۇبېخەي ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قازاق مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، قەشقەردە نېستورىيانلارنىڭ باش مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنغانلىقىنى، بۇ رايون قازاقلارنى ئاساس قىلغان يەتتىسۇ رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بىراق، بۇ يەردە بۇ رايون قۇرۇلغان زامانىنى ياكى ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ[1].

گاۋ يۇڭجيۇ ئەپەندى: «غەربىي يۇرت نېستورى دىنى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ئەسىرىدە، نېستورى دىنى ھۆججەتلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، IX — XIV ئەسىرلەردە نېستورى دىنى قەشقەر رايونىدا ئىزچىل تارقىلىپ كەلگەن، قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭ نېستورىيانلىرىنىڭ چوڭ مەركىزى ئىدى، XII ئەسىردە دىنىي جەمئىيەت ئەۋەتكەن ئېپىسكوپ قەشقەردە تۇراتتى دەپ كۆرسىتىدۇ[2].

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى)نى خانلىق تەۋەسىدە ياشىغۇچى كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق قەبىلە - قوۋملارنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا، باغدادتا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە گەرچە قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق، تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدا: «ئىككى خىل تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ. چەت

[1] سۇ بېخەي: «قازاق مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى، 232 - بەت.

[2] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلاردىكى مازار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىدىن ئېلىنغان نەقىل)، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998- يىلى نەشرى، 95- بەت.

ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان خوتەن...... لارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق» («تۈركىي تىللار دىۋانى» (I توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ بەت). مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى زاماندا قەشقەر شەھىرى سىرتىدىكى بىر نەچچە «كەنچەك» يېزىسىدىكىلەر ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەلۇمكى بۇ ئىككى خىل تىل ــ سوغدى تىلى بىلەن تۈركىي تىل ئىدى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سوغدى تىلى سوغدى تىلىنىڭ «L» دىيالېكتى ــ كېيىنكى سوغدى شېۋىسى ئىدى. دېمەك، سوغدى تىلىنىڭ قەشقەردە قوللىنىش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى راھىبكالانى شۈەنزاڭ قەدىمكى سۇلىلىقلار (قەشقەرلىكلەر) نىڭ قوللانغان تىلى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ تىلنى سوغدى تىلى دەپ ئاتىغانىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا يەنە خىرىستىيان دىنىغا ئائىت «باچاق» دېگەن ئاتالغۇ ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنى «خىرىستىيانلارنىڭ روزا كۈنى» دەپ ئىزاھلايدۇ. «دىۋان» دىكى بۇ مەلۇماتلار نېستورىيانلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى، سوغدى تىلىنىڭ قەشقەردە قوللانغان تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تېخى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتمىگەنلىكى ياكى ئىسلاملىشىپ كەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىسى ئېنىقكى «دىۋان» ئىسلامىيەت ۋە ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيەسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن قەشقەردە ياشىغان تەقۋادار مۇسۇلمان مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغاچقا، بەلكىم غەيرىي ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بولغان نېستورى دىنىي ئەقىدىلىرىگە «دىۋان» دىن ئورۇن بەرمىگەن بولسا كېرەك، ياكى مۇئەللىپ ئۆزى بايان قىلغىنىدەك «مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنىڭ بەزىلىرىنى تاشلىغان»، چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق[1] دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (I توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 37 ـ بەت.

قارا قىتانلار خانلىقى (1125 — 1218) دەۋرىدە، بولۇپمۇ قارا قىتانلاردىن خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان، نېستورى دىنىنى قوبۇل قىلغان نايمانلار خانى[1] تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە (1211 — 1218)، قەشقەردە ئىسلام دىنىنى يەكلەش، بۇددا دىنى بىلەن خرىستىيان (نېستورى) دىنىنى يۆلەشتىن ئىبارەت دىنىي سىياسەتنى يولغا قويدى. ھەتتا بېشبالىق، ئىمىل دەرياسى ۋادىلىرىدا، چېچىلىپ يۈرگەن نايمان ۋە مېركىت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەزالىرىدىن قوشۇن تەشكىللىدى. ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى نېستورى دىنىنى قوبۇل قىلغانلار ئىدى، بۇ قوشۇن كۈچلۈكنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشىدىكى تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن نېستورى دىنى قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدا قايتىدىن باش كۆتۈردى.

ۋ. ۋ. بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ، كۈچلۈكنى نېستورى ئىدى، ئۇ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر تارىخىدا تۇنجى قېتىم يەنە كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇسۇلمانلارغا قارىتا زىيانكەشلىك سىياسىتىنى يولغا قويدى...... ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىنى چەكلىدى. نايمان ئەسكەرلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەقىپ ئاستىغا ئالدى دەپ كۆرسىتىدۇ. قارا قىتانلارنىڭ بۇ خىل دىنىي سىياسىتى تاكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋام قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1206 — 1368) ئېلىمىز تارىخىدا، سىرتقا قارىتا ئىشىك كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېقىملارنىڭ تارقىلىشى، روناق تېپىشىغا يول قويۇلغان بىر دەۋر ئىدى. بۇ دەۋر ھ. ي. كىلىمكايتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «نېستورى دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقى بوستانلىقلىرىدا XI ئەسىردە يۈز بەرگەن دىن تارقىتىش دولقۇنىدىن كېيىن، موڭغۇل دەۋرىدە (XIII ئەسىردە)

[1] نايمانلار ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى. پارس تارىخچىسى جۇۋەينى «نايمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى خرىستىيان مۇرىتى» دەپ ئاتىغان.

باشلانغان بىر قېتىملىق زور روناق تېپىش دەۋرى ئىدى.»[1]

XIII ئەسىردە باغداد شەھىرىدە تۇرۇشلۇق نېستورى دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئارخېپىسكوپى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن جەدۋەلدە، قەشقەرنى ئېپىسكوپقا قاراشلىق 19 - رايون دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

جاڭ ۋېنخەن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگودىكى خرىستىيان دىنى ۋە كەيفېڭ يەھۇدىيلىرى» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر موغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە بولغان ئۇزاق مەزگىل داۋامىدا، نېستورى دىنى ئېپىسكوپى تۇرۇشلۇق 19 - دىنىي مەمۇرىي رايونى ھېسابلىناتتى[2]. دېمەك، XIII ئەسىرلەردىكى خرىستىيان دىنى ئارخىپلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر ئېلىمىز تەۋەسىدىكى نېستورى دىنى.ئېپىسكوپ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق تۆت چوڭ رايوننىڭ بىرى بولۇپ، نېستورىيانلارنىڭ باشلىقى قەشقەردە تۇرۇپ كەلگەن.

ئېلىمىز تەۋەسىدە نېستورىيانلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان تۆت چوڭ رايون ياكى ئېپىسكوپ رايونىنى، جۇ شېفەن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگودىكى خرىستىيان دىنى» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان رەت تەرتىپى بويىچە كۆرسەتكەن: (1) چىن ئېپىسكوپ رايونى بولۇپ، بۇ 11- رايون دېيىلەتتى؛ (2) قەشقەر ئېپىسكوپ رايونى بولۇپ، بۇ 19 - رايون ھېسابلىناتتى؛ (3) خانبالىق ئېپىسكوپ رايونى بولۇپ، بۇ 23- رايون دېيىلەتتى؛ (4) تانغۇت ئېپىسكوپ رايونى بولۇپ، ئۇ 24- رايون دېيىلەتتى[3].

قەشقەر ئېپىسكوپ رايونىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلارنىڭ دائىرىسى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا ئېنىق

[1] ھ. ي. كىلىمكايت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994- يىلى نەشرى، 83 — 84- بەتلەر.

[2] جاڭ ۋېنخەن: «جۇڭگودىكى خرىستىيان دىنى ۋە كەيفېڭ يەھۇدىيلىرى»، بىلىم نەشرىياتى 1982- يىلى نەشرى، 469- بەت.

[3] جۇ شېفەن: «جۇڭگودىكى خرىستىيان دىنى»، سودا نەشرىياتى 1997- يىلى نەشرى، 51 — 54- بەتلەر.

ماتېرىيال يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېلىمىز خىرىستىيان دىنى تارىخىدا ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشىدىن، بۇ رايوندا نېستۇرى دىنىنىڭ تەسىر كۆچىنىڭ خېلىلا زور ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نېستۇرى دىنىنىڭ قەشقەردىن يەكەن، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلارغا كېڭەيگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

1275 ـ يىلى خانبالىققا بېرىش سەپىرىدە قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سەيلە ـ ساياھەتتە بولغان ئىتالىيەلىك مىسسىيونېر ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەر ـ رايونلاردا نېستۇرىيانلارنى كۆرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ چېركاۋلىرىنىڭ بارلىقى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېركاۋىدا ئىبادەت قىلىدىغانلىقى، قەشقەر نېستۇرىيانلارنىڭ بىر مۇھىم دىن تارقىتىش پونكىتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى، يەكەندە خىرىستىيان دىنى نېستۇرى مەزھىپى بىلەن ياكوبىت مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ ھەمدە قەشقەردە نېستۇرى مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلارنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ياشاپ كەلگەنلىكى، بىراق ئۇلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

جۇ شىفەن ئەپەندى يەكەندە نېستۇرىيانلارنىڭ بارلىقى، يەكەندىكى چاغاتاي شاھزادىسى نېستۇرى دىنىنى قوبۇل قىلىپ، يەرلىك نېستۇرىيانلارنىڭ ساخاۋەتلىك يوھاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن بىر چېركاۋ سېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[①].

فاڭ خاۋ ئەپەندى غەربىي يۇرتتا چېركاۋ تەسىس قىلىنغان 51 دەك شەھەر ـ رايوننىڭ تىزىملىكىنى ئىشلەپ چىققان. شۇ تىزىملىكتە قەشقەر بىلەن يەكەنمۇ بار، يەنە كېلىپ بۇ ئىككى شەھەرنى نېستۇرى دىنى ئېپىسكوپى تۇرغان شەھەرلەر دەپ ھېسابلايدۇ[②].

---

① جۇ شىفەن: «جۇڭگودىكى خىرىستىيان دىنى»، سودا نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى، 51 — 54 ـ بەتلەر.

② فاڭ خاۋ: «جۇڭگو بىلەن غەرب قاتناش تارىخى»، تەيبېي جۇڭخۇا مەدەنىيەتتى نەشرىياتى 1955 ـ يىلى نەشرى (2 ـ قىسىم)، 100 ـ بەت.

رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرىنىڭ 1885 - يىلى كۈز پەسلى ۋە 1953 - يىلى ياز پەسلىدە، يەتتىسۇ رايونى بىلەن بالاساغۇن ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قەشقەر نېستورىيانلىرى بىلەن يەتتىسۇ نېستورىيانلىرى ئۆزئارا قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ياپونىيەلىك زوبو خاۋلاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جۇڭگودىكى نېستورى دىنى ھۆججەت ۋە يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، يەتتىسۇدىن تېپىلغان 105 - نومۇرلۇق قەبرە خاتىرە تېشىدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن، قەبرە ئىگىسىنى قەشقەرلىك نېستورىيان بولۇپ، يەتتىسۇدا ۋاپات بولغان دەپ كۆرسىتىدۇ («موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى 1980 - يىلى (خەنزۇچە نەشرى).

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىسمەن ماتېرىياللار ۋە ئېلىمىز، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، نېستورى دىنى قەشقەر رايونىغا تەخمىنەن سۈي - تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۈرىيە، پېرسىيە، ئېفتالىت ۋە سوغد نېستورىيانلىرى ئارقىلىق تارقالغان؛ يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە روناق تاپقان، قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ نېستورىيانلىرىنىڭ چوڭ مەركىزىگە ئايلانغان.

نېستورى دىنىنىڭ قەشقەردە تارقىلىش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، گەرچە نەچچە ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن نېستورى دىنى بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە يىلتىز تارتىپ، كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولالمىدى، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسىتەلمىدى، چۈنكى بۇ دىننى قوبۇل قىلغۇچىلار قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يەنىلا ئاز سانلىق كىشىلەر ئىدى ياكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ئىدى.

XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈر ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇنىڭ غەربىي ئاسىياغا قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكى، ئىسلام دىنىنى خانلىق دىنى قىلىپ بېكىتىشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى

نېستورى دىنى جەمئىيەتلىرى، دىنىي مۇئەسسەسەلىرى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىۋېتىلدى.

قەشقەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ رايونىدىمۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ، نېستورى دىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن ياكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىدىن مەھرۇم بولغان.

1349- يىلى ئامرو (Amru) ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ بىلەن ئېلىمىز ئىچكى ئۆلكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردىكى نېستورى دىنى مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق جايلاردىن، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن خانبالىقتىن ئىبارەت ئىككى ئارخىيېپىسكوپ رايونى كۆرسىتىلگەن، قەشقەر تىلغا ئېلىنمىغان[①]. دېمەك، بۇ نېستورى دىنىنىڭ قەشقەر رايونىدا زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نېستورى دىنى قەشقەر رايونىدا تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايوندىن بۇ دىنغا ئائىت ماددىي ۋە مەنىۋى يادىكارلىقلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ بەلكىم بۇ يەردىكى ئاھالىلەر X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە قاراخانىيلارنىڭ بۇ دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىشى بىلەن غەيرىي دىن ھېسابلانغان نېستورى دىنىنىڭ يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەلۇمكى، قەشقەردە بۇۋى مەريەم نامى بىلەن ئاتالغان مازارلار بار. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىغا جايلاشقان «بۇۋى مەريەم مازىرى» بىلەن لەنگەر يېزىسىدىكى «بۇۋى مەريەم مازىرى» قاتارلىقلار. ئىسلام دىنى مازارلىرىدىن سانىلىۋاتقان بۇ مازارلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا نېستورىيانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىرىستىيانلارنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ

---

① ئا. ك. مور: «1550- يىلدىن بۇرۇنقى جۇڭگو خىرىستىيان دىنى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1984- يىلى نەشرى، 27- بەت.

ئانىسى بولغان مەريەم ئانىغا تېۋىنىشى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىشى بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بولغانمۇ - بولمىغانمۇ ياكى بۇ مازارلار نېستورى دىنىنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنىڭ ئىزنالىرىدىنمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل ئېھتىماللىق بارمۇ - يوق؟ مېنىڭچە، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باققانىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

قوشۇمچە (2):

پايدىلانغان مەنبەلەر

1. «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى (دىن) »، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1988- يىلى 6- ئاي (خەنزۇچە) نەشرى.
2. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 2002- يىلى 8- ئاي (خەنزۇچە) نەشرى.
3. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005- يىلى 8- ئاي نەشرى.
4. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى: «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006- يىلى 7- ئاي نەشرى.
5. «شىنجاڭدىكى دىنلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىلى (خەنزۇچە) نەشرى.
6. ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2002- يىلى 6- ئاي نەشرى.
7. ما پىنيەن (باش تۈزگۈچى ۋاڭ شۇەنچيەن): «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخنى توغرا شەرھلەيلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 8- ئاي نەشرى.
8. ئابدۇللا كېرەم تۈزگەن «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىلى 12- ئاي نەشرى.
9. خې جوڭدې قاتارلىقلار تۈزگەن «دىنغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر ئوقۇشلۇقى — دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى.
10. خې جوڭدې قاتارلىقلار تۈزگەن «دىنغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر ئوقۇشلۇقى — دىنغا دائىر سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008- يىلى 8- ئاي نەشرى.
11. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق

جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى.
12. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى.
13. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى.
14. ئادىل مۇھەممەت، ئامىنە كىچىك: «شىنجاڭدىكى دىنلار»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2011- يىلى 8- ئاي نەشرى.
15. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى: «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2009)، 2010- يىلى 7- ئاي نەشرى.

丛书的本册详细地介绍了喀什噶尔的宗教历史、演变过程、目前状况和党对宗教信仰的政策法规等。

**图书在版编目（CIP）数据**

喀什噶尔宗教：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德编著.
-- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.8
（《喀什噶尔》系列丛书；14）
ISBN 978—7—5373—2760—2

Ⅰ.①喀… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①宗教信仰—研究—喀什地区—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①B928.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 186504 号

责任编辑：热孜万古丽·阿布力米提
特邀编辑：塔依尔·塔力甫
责任校对：麦麦提斯迪克·塔依尔

《喀什噶尔》系列丛书（14）

**喀什噶尔宗教**

编著：阿迪力·穆罕默德

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 6.875 印张 2 插页
2012 年 8 月第 1 版 2012 年 8 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000 定价：21.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق
ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-2760-2

（民文）定价：21.00元